ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن

# رۇبائىيات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن

# رۇبائىيات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇر مۇھەممەت ئېركى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جورى قادىر

# رۇبائىيات

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1981 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1982 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10264·6
باھاسى: 0.38 يۈەن

# مۇندەرىجە


ياش ئالىمنىڭ يېڭى ئەمگىكى (كىرىش سوز ۋە تەتقىقات) ...................................... 1

☆

1. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى رەمەل شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار ...................................... 45

2. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى ھەزەج (سالىم) شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار ...................................... 117

3. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى رەجەز شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار ...................................... 177

4. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى رەمەل (مۇسەددەسى مەھزۇپ) شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار ............... 181

5. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى ھەزەج (مۇسەددەس مەقسۇر) شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار ............... 185

6. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى ئەرەز شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار ...................................... 193

7. ئارۇز ۋەزنىنىڭ باشقا بەھرىلىرى ۋە بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان رۇبائىلار ............................ 197

☆

تەھرىرنىڭ ئىزاھ ۋە ئىلاۋىسى ...................... 206

# ياش ئالىمنىڭ ئەمگىكى

(كىرىش سوز ۋە تەتقىقات)

زامانىمىز يەنە شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلىقكى، ئۇ، بوغۇلغان ئىلىم-پەنگە ئازاتلىق ۋە كەڭ-كۇشادىلىق ئېلىپ كەلدى. بىزدە مەرىپەت ئۈچۈن بىر گۈللەش دەۋرى ئېچىلدى.

## بىز يېزىش ساھەسىدىكىلەر مەمنۇن بولۇۋاتىمىز

دىيارىمىزدىكى ھەر مىللەت ئالىملىرى، ئەدىپ، شائىر-لىرى، دوختۇر ۋە ھوكۇمالىرى ئۆز ئۆمرىدە مەرىپەت ھاياتى-نىڭ بۇنچىلىك ئەركىن بىر نەپەس ئالغان ۋاقتىنى بىرىنچى قېتىم كورۇشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەدىپلىرى فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، يۈك-نەكى، لۇتپى، ناۋايى ۋە سەككاكىدىن تارتىپ خىرقىتى، زەلىلى، نوبىتى، نىزارى، گۇمنام، غېرىبى، سەبۇرى، سايرامى، موللا بىلال نازىم، ئابدۇقادىر ئارتۇشى، قۇتلۇق شاۋقى، تەجەللى، نىم شېھىت ۋە قاينام ئۆركىشمىگىچە بۇگۇن ئە-

"يېقىندا پالان گۇگشې ئەدەبىياتى، پالان داۋىي ئەدەبىياتى چىققىدىغان ئوخشايدۇ ......" دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

بىزدە بىر قىسىم رەھبەرىي كادىرلار ئەدەبىياتچىدۇر، مەدەنىيەتچىدۇر. بۇ، ئەلنىڭ ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ئۈچۈن چىرايلىق ۋە پايدىلىق ۋەزىيەت ئېلىپ كەلدى.

بولەك جايلاردىكى مەنسەپ ئەھلى پىكاپ ھەۋىسى ۋە باغ سەيلىسى ئىشقىدا مەپتۇن ئىكەن، ھازىر، بىزدىكى رەئىسلەر، ۋالىلار ھەتتا ناھىيە، رايون شۇجىلىرى ئىشتىن سىرتقى چاغدا گېزىت - ژورناللارغا شېئىر، ھېكايە يېزىشماقتا.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئەينى زاماندا بۇخارا پادىشالىرىدىن ئىمىر ئومەرخان شائىر كىشى بولۇپ، شېئىرىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا بۇ يەردە بىر مۇددەت ئەدەبىي ھايات جانلانغان ئىدى. پىرقەت، مۇقىمى، خىلمەت، گۇلخانى، شاۋكەت، ھەزىنى قاتارلىق شائىرلارنىڭ «باياز» — شېئىر توپلاملىرى شۇ چاغلاردا مەيدانغا چىققان. ھازىر بىزدە ئىلمىي، ئەدەبىي زېمىندىن كەلگەن بىر تۈركۈم رەھبىرىي ئادەملەر بۇ ئىشلارغا ئېتىۋار بەرگەچ، بۇگۈن نەشرىيات، ئەدەبىيات بۇلاقلىرى ھەرتەرەپتە قايناپ چىقىشتەك مەرىپەتنىڭ، شېئىرىيەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى يۈز ئېچىۋاتىدۇ.

تېخى بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا قەشقەر ھېيتكادا مۇنار - مۇنار كىتاپلار كۆيدۈرۈلۈپ، شەھەرگە بىرقانچە كۈن ئاسماندىن كىتاپ ئۈچقۇنلىرى ياققان ئەمەسمىدى!؟

تېخى بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا كلاسسىك شائىرلار -

دەبىيات دۇنياسىغا يەنە يېڭىدىن تورەلدى. ئۇلار ھازىر
بىزدە بولۇۋاتقان ئىلمىي-ھېكمەت بەزمىسىنىڭ تورىدە ئولا-
تۇرۇشماقتا، بىز بىلەن بىللە مەنىۋى ھايات كەچۈرمەكتە. بىز
بىلەن بىرگە كىتاپ يازماقتا، شېئىر ئېيتماقتا، ناخشا ئوقۇماقتا،
مۇقام تارىلىرىنى چەكمەكتە، ئەسەرلىرى ئەتىۋارلاپ بېسىل-
ماقتا ۋە شەرھىلەنمەكتە.

بىز ئەدەبىياتىمىزدىكى كلاسسىك ئۇستازلىرىمىزنى
تىلغا ئېلىش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش، خەلقىمىزنىڭ ئەدەبى-
يات-مەدەنىيەت غەزنىسىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىكى دۇرى-
جاۋاھىراتلاردىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى سوتسىيالىستىك
يېڭى ئەدەبىياتنى يورۇتۇش-پارقىرىتىش، بۇنىڭ بىلەن
بىر دەۋران ئەدەبىياتنى، ئەدەبىياتچىنى ۋە ئەدەبىياتچىلىقنى
قىزىتىۋېتىشكە ئىمكان تاپتۇق.

بۇ دىياردا بىز سانى ئاز مىللەتلەرگە مەتبۇئاتچىلىق،
نەشرىياتچىلىق ۋە ئەدەبىياتچىلىق ساھەسىدە ھازىرقىدەك
بېرىلىۋاتقان ئەھمىيەتنى تارىخىمىزنىڭ كوزى كورگەن
ئەمەس. بېشى بېيجىڭدىكى "مىللەتلەر نەشرىياتىدىن
ئايىغى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا قەدەر 7 نەشرىيات
قۇرۇلغان ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا كىتاپ نەشر
قىلىشقا چۈشكەن بىر ھالەت مەيدانغا كەلدى. ھەر خىل
ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ژورنال قاتارلىق مۇددەتلىك مەجمۇئەلەر
ئارقىمۇ-ئارقا نەرە تارتىپ مەرىكە مەيدانىغا چىقىشتى.
ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل ۋەزىيەتكە خەلقىنىڭ زوقلىنىپ:

قىلغاندىن بەكرەك، ئۇلار زاماننى ئىنكار قىلىپ، يازماسلىق — جىمجىتلىق كۈرىشى بىلەن شۇغۇللاندى. شائىرلارنىڭ بىرسى بۇ كۈرەشنىڭ سەۋىيىسىنى مۇنداق ئوقۇتۇرغان:

يازسام يازغۇدەك ماغدۇرىمۇ بار،
پۈتۈم پاتمايدۇ يۇلۇم شۇنچە تار...
بۇلبۇل سايرىماس يۇق ئىكەن باھار،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

ئۇ، ھەتتا ئەشۇنداق يىللاردا شائىر بولۇپ قالغانلىقىدىن ھەسرەت چەككەن:

ئەتراپىم قىلتاق، بىر تۇزاقتا مەن،
گويا گۇردىكى چۈك سوراقتا مەن...
بولۇپتىمەن شائىر شۇنداق چاغدا مەن،
يازسام داغدا مەن، يازمىسامۇ داغ.

بۇگۈن ئەدىپ، شائىرلارغا بولغان ئۇنداق مۇناسىۋەت ئۆزگەردى، شائىرلار زامانغا بىردەك "نەۋ باھار" دەپ ئات قويدى، جەمىيەت، 70 - يىللاردىكى قەۋرىستانلىقتەك جىمجىتلىقتا چوككەن ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، «ئازات زامان» ناخشىسى يەنە بەش قىتئەنى ياڭراتماقتا......

تۈينى قىزىتىدىغان سازچى بولغاندەك، زاماننى قىزىتىدىغان ئەدىبىياتچى، سەنئەتچىدۇر. تويى قانچە كاتتا

نىڭ شېئىرلىرىنى تونۇشتۇرۇش، شەرھىلەپ بېرىش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تۇتقان كىتاپخان ۋە ساتقان كىتاپ-پۇرۇش قامالغان ئەمەسمىدى!؟

تېخى بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا قىرائەتخانىلاردا ئو-قۇغۇدەك بىر ئەدەبىي كىتاپ، كىتاپخانىلاردا سېتىۋالغۇدەك بىر ئىلمىي رىسالە، گېزىت-ژورناللاردا بىرەر ئەزاسى سەل-پەل شېئىرغا ئوخشاپ قالغان بىر نەزمە يوق ئەمەس-مىدى!؟

بۇ خىل مەدەنىيەت كىرىزىسى — شېئىرىيەتتە بەكلا چانغان ئىدى، شۇ چاغلاردىكى شېئىرلار توغرىسىدا خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر نەزمە يېزىلغان:

ئوقۇپ نەزمەڭنى توت ئادەم، قىزىپ كەتتى پاراڭ شائىر،
ياشاڭدىن باشقا ھېچ گەپ يوق، پەقەت شۇ كار-كاراڭ شائىر.
ياشاڭدىن باشقا گەپلەرگە تىلى كەلمەس قاشاڭ شائىر،
ئېيتقىنى شۇ دەلىل بىرلە، قويۇپ قويرۇق ياشاڭ شائىر.

"مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" جەريانىدىكى مەھشەرگاھ ھا-ياتىدا "جان بېقىش پەلسەپىسى" دىكى شائىرلارغا شېئىر — "ياشاڭ" دىن ئىبارەت بولماي مۇمكىن بولمىدى. زاماندىكى ئىسسىق-سوغاقنى تېزراق ھېس قىلغۇچى تېرىسى نېپىزرەك شائىرلار "تۆھمەت قالپىقى"نى كىيىپ، زامان بەركەردىسى بولۇپ قالالدى، يېزىش — مەتبۇئات ئىنسانى ۋىژدانى ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى، بىر قىسىم ئەدىپ، شائىرلارنى زامان ئىنكار

ئەگەر، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا تۇنجى رومان
ئەدىپ قەييۇم تۇردى تەرىپىدىن يېزىلغان ئىكەن. ئەمدى
تۇنجى «رۇبائىيات» توپلىمى شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت
ئىمىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولدى.

يېقىندىن بۇيان، شېئىرىيىتىمىزدە رۇبائىياتچىلىق قى-
زىغىنلى تۇردى، ئۇ، 30 - يىللاردىن بۇيان نەزمىلىرىد-
مىز ئارىسىدا ئانچە - مۇنچە ئۇچرايتتى. بىراق، ھازىر-
قىدەك ھەممە قىزىقىدىغان بىر شەكىل ئەمەس ئىدى. بۇ
قېتىم بىزدە رۇبائىلار رەسمىي توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنى-
شى — شېئىرىيەتچىلىكىمىزدە بۇ شەكىلنى مۇجەسسەملەش-
تۈردۈ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات پەللىسىنى يەنە
بىر دەرىجە يۇقۇرى كۆتىردۇ.

”رۇبائى“ دىگەن بۇ ئەرەپچە سۆزنىڭ لۇغەت مەنى-
سى — ”تۆتلىك“ دىمەك بولۇپ، ئادەتتە شېئىر شەكىللىرى
ئىچىدە تۆت مىسرالىق قىلىپ يېزىلغان بىر كۇپلېت
شېئىرغا ئېيتىلىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ شېئىر شەكلىگە قارىتا مەناسى.
”رۇبائى“نى مەزمۇنەن تەرىپلىگەندە، بىر رۇبائى —
مۇستەقىل بىر شېئىر. رۇبائى — 10 - 20 كۇپلېت شېئىر
ئورنىغا خۇلاسە تەرىقىسىدە يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىر.
ئۇ، شۇنداق بىر كۇپلېت شېئىركى، ئۇنىڭدا بىرقانچە
كۇپلېت شېئىرنىڭ جەۋھىرى بايان قىلىنىدىغان، بىر كۇپ-
لېت شېئىر. ”رۇبائى“ ئۆزىگە بېرىلگەن بىر كۇپلېتتا بىر
پۈتۈن پىكىر، بىر پۈتۈن ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ
ۋە بېرەلىشى لازىم. ئۇنداق قىلالمىسا ئۇ، تۆت مىسرالىق

بولغان بىلەن نەغمە - ناۋاسى بولمىسا، "گاچا توي" بولىدۇ. زامان قانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئۇنىڭ شانۇ - شەۋكىتىنى نامايەن قىلىدىغان ئادەملىرى بولمىسا، ئىززەت - ھۆرمىتى بولمايدۇ. زامانىمىز ئەدىپ، شائىرلارغا ئوچۇق چىراي ئاچ-قاچ، ئۇنىڭ شائىرلىرى، ئۇنىڭ ئالىملىرى بۇرۇن ئۇنىڭغا يېپىشتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆلۈشمەكتە. بۇ، جەمىيەتنىڭ ئىناۋىتى ئۈچۈن بەك ياخشى.

ھازىر، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئومىسى باشلاندى. ئۇلار بالدۇرقىدەك يازغان نەرسىسىنى باستۇرىدىغان ئورۇندىن بېشى قاتمايدۇ، ئۇلارغا نەشرىياتلاردىن ئەسەر يېزىپ ئەۋەتىش ھەققىدە تەكلىپ ۋەرەقىلىرى كەلمەكتە

## بىزدە تۇنجى «رۇبائىيات» توپلىمى

ياش ئالىم، ياش پروفېسسور، ياش شائىر ئابدۇ-شۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن يازغان قولىمىزدىكى ئەسەر — ئە-دىبىياتىمىزدا باشلانغان دولقۇنلۇق پەسلىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى. بۇ، ياش ئالىمنىڭ يېڭى باھارنى قىزغىنلىق بىلەن قارشىلاش يۈزى-سىدىن تەقدىم قىلغان — «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى "ئون ئىككى مۇقام" ھەققىدە» ۋە «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋ-رىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» قاتارلىق توپلىمىدىن كېيىن، يەنە بىر چوڭ توپلىمى.

بۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە "رۇبائى" شەكلى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى «رۇبائىيات» توپلىمى.

نىدە يازغاندا، پىكىرنى ئەركىن، دولقۇنلۇق بايان قىلغى-
لى بولمايدۇ" دېيىشىدۇ. بەزىلەر: "رۇبائى — قىسقا قۇرلۇق،
خەلق قوشىقى ۋەزنىگە يېقىنراق بىر ۋەزىندە يېزىلغىنى
ياخشى، بۇنىڭدا پىكىرنى بوغۇلماي ئازادە ئېيتقىلى،
ئۇنى ئەستە ئاسان قالدۇرغىلى ۋە بىر قىسىم "ئەگەر،
مەگەر" قاتارلىق كاۋاك چامىسى ۋە مىسرا توشقۇزۇش
سۆزلەردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ" دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر:
رۇبائى — بىر كۇپلېت شېئىردا بىر مەزمۇننى تولۇق ۋە
كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەكىل بولغاچ، بۇنىڭدا
مىسرانى قىسقا قىلىشقا زورۇققاندا پىكىر - ھېسسىياتنىڭ
ئېچىلىشى ھەم مۇزىكىلىق جەھەتتىن دىگەندەك بولمايدۇ"
دەيدۇ. بىراق شۇنداق دەۋاتقانلاردىن قىسقا مىسرادا يازغى-
نىنىڭ ۋەزنىمۇ، ئۇزۇن مىسرادا يازغىنىنىڭ ۋەزنىمۇ ئۆزى
ئېيتقان "رۇبائىنىڭ مەخسۇس ۋەزنى" ئەمەس.

بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىمىز باشقىچىرەك:

"رۇبائى"نىڭ ۋەزنىدىكى ئىختىلاپ، بىزنىڭچە كوپ
تالاش - تارتىشقا ئەرزىمەيدۇ. بۇ، "رۇبائى"دىكى شەكىل
مەسىلىسى. مەزمۇن — ھەر ۋاقىت شەكىلدىن ئۈستۈن تۇ-
رىدۇ. "رۇبائى"دا ئاساس قىلىدىغىنى — ئۇنىڭ مەزمۇنى،
يەنى ئوتتۇرىغا كوتىرىپ چىققان پىكىردۇر. بىر "رۇبائى"نى
رۇبائى بولۇش - بولماسلىق مىزانىغا سالغاندا، ئۆل-
چەم — ئۇنىڭدىكى پىكىرنىڭ، ھېسسىياتنىڭ، مەنتىق كۈچ-
نىڭ رۇبائى بولۇشقا ياراش - يارىماسلىغىدا. ئەگەر
بىر رۇبائى — پىكىر تەرەپتىن رۇبائى بولالىسا، ۋەزنى

قىلىپ يېزىلىشى بىلەن شەكلەن "رۇبائىي"غا ئوخشىسىمۇ، مەزمۇنەن "رۇبائىي" بولالمايدۇ.

"رۇبائىي"غا قويۇلىدىغان تەلەپ، ئادەتتىكى شېئىرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپتىن يۇقۇرى، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ — ھەجمى كىچىك، ۋەزنى ئېغىر بولۇش. مىتاللار ئىچىدە ئالتۇن شۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، "رۇبائىي" ئەگەر ئۇ، مەزمۇنەن رۇبائىي بولسا، ئۇنى "شېئىرلارنىڭ ئالتۇنى" ياكى "ئالتۇن شېئىر" دەپ ئاتاش مۇمكىن.

"رۇبائىي" ھازىرغىچە كىلاسسىك شېئىرلاردا مەلۇم بىر ۋەزنىدە يېزىلىپ كەلگەن. رۇبائىيياتچىلىقنىڭ پېشىۋالىرىدىن فارابى، ئىبنى سىنا ۋە ئۆمەر ھەييامدىن تارتىپ نىزامى، ناۋايى، بابۇر ۋە فۇزۇلى شېئىرلىرىغىچە قارىساقمۇ ئەھۋال شۇنداق. بۇلاردىكى "رۇبائىي" ۋەزنى تولاراق ئارۇز ۋەزنىنىڭ:

"مەپئۇلۇ / ماپا ئىلەن / ماپا ئىلتەن / پا"

(تام تامۇ / تىرام تىرام / تىرام تىرەۋام / تام)

شەكلىدە بولغان.

شائىرلىرىمىزدا "رۇبائىي"نىڭ ۋەزنى مەسىلىسىدە پىكىر ئوخشىماسلىقى بار. بەزىلەر، ئۇنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردە يۇقۇرىقىدەك بەلگىلىك بىر ۋەزنىدە يېزىلىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ، "رۇبائىينىڭ مەخسۇس ۋەزنى بار" دىسە، بەزىلەر: "ئۇنى 'غەزەل' گە ئوخشاش بەھرى رەمەل، بەھرى ھەزەج قاتارلىق ئۇزۇن مىسرالىق ۋەز-

## مەزمۇنىدىكى جاۋاھىراتلار

### 1

### قەھرىماننى ئانا يۇرت تۇققان

ئانا يۇرت — «ۋەتەن» تېمىسى ئۇلۇق تېما. شۇنداق-
لا كۆپ يېزىلغان تېما. دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر ياز-
غۇچىنىڭ ۋەتەن ھەققىدە بىرنەمە دېمەي ۋاپات بولغى-
نى يوق. گەپ — بۇ تېمىنى بىرقەدەر ياخشىراق ھەل
قىلىشتا، "يەنە دېسە يەنە شۇ" گەپلەردىن ھالقىپ ئۆتۈش-
تە، جان - جىگەردىن چىقىرىپ ئېيتىپ، جان - جىگەرگە
تەسىر بېرىشتە. ئاپتور بۇ تېما ئۈستىدە بىر قاتار سەھى-
مى، تەسىرلىك ۋە چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قەھرىماننى ئانا يۇرت تۇققان، بۇنىڭدا يوق گۇمان،
قەھرىمان بەرپا قىلۇر ئۆز يۇرتىنى ساقلار ئامان .....
تۇغسا باتۇرنى ۋەتەن، تۇققاي ۋەتەننى قەھرىمان،
بىل ۋەتەن مۇردا ئەمەس — بىجانۇ، بىئەرك، بىزۇۋان.

شائىر بۇ رۇبائىيدا دەيدۇ: ۋەتەن بولغاچ قەھرى-
مان بولدى، قەھرىمان ۋەتەننىڭ مەھسۇلى. ئۆز نۆۋىتىدە
قەھرىمان ۋەتەنگە تەسىر كۆرسىتىدۇ: ئۇنىڭ ئازاتلىقى،
ئامانلىقى ۋە تەرەققىياتىنى تەمىن ئېتىشتە ئۆزىنىڭ ھىچ-
نەرسىسىنى، گېزى كەلسە ھاياتىنى ئايىمايدۇ. ۋەتەننى

ئۇزۇن يېزىلامدۇ، قىسقا يېزىلامدۇ، بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس. ئەكسىچە، بىر رۇبائىي ۋەزنى تەرەپتىن، قاپىيە تەرەپتىن ياخشى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇتاملىق بىر پىكىر بولمىسا، ئۇنى "رۇبائىي" دېگىلى بولمايدۇ.

شېئىر شەكلى — ساماۋى نەرسە ئەمەس. شۇنداقلا "رۇبائىي ۋەزنى"مۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس. ئۇ، ئۆزگەرمەس، راۋاجلانماس نەرسە ئەمەس. ئۇ، ئەلۋەتتە "شائىر" ئاتالغان ئادەم قىلغان نەرسە. ئۇنىڭ ئۇنداق شەكلى ئول زاماندا قىلىنغان ئىكەن، مۇنداق شەكلى بۇل زاماندا قىلىنسا بولىۋېرىدۇ. ماياكوۋسكىيدىن ئىلگىرى ئۇنداق چاچما شېئىر شەكلى يوق ئىدى. ئۇ، بۇ شەكىل- نى ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن كېيىن، ئادەملەر يارىتىپ يې- زىپ، يارىتىپ ئوقۇشماقتا. سېنىڭ تامىغىڭ مايلىق، مەزى- لىك بولسۇن، ئۇنى قانداق قاچىدا بەرسەڭ بەرىبىر ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەزىسىز ئىكەن، ئۇنى گۆھەر قاچىدا بەرسەڭمۇ لاۋزىلىغى لاۋزا. ئەگەر تامىغىڭ تەملىك بو- لۇپ، قاچاڭمۇ گۈزەل بولسا، ئۇ نۇر ئۈستىگە نۇر...

قولىمىزدىكى «رۇبائىيات» ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇزۇن مىسرالىق شەكىللىرىدە يېزىلغان. بىزنىڭچە «رۇبا- ئىيات»تىكى رۇبائىيلار پىكىر ھەسسىياتى، مەزمۇن تىرەن- لىكى تەرەپتىن ھەقىقەتەن "رۇبائىي"لىق ئۆلچىمىگە توشقان.

ۋەتەن شەيداسىمەن دائىم غەزەلخانلىق مېنىڭ ئىشقىم،
خالايىق رەھمىتى — جەۋلان قىلارغا پەي قاناتىمدۇر.

شائىر بۇ رۇبائىدا ۋەتەننى بىر گۈزەل يار قىياپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ چېچىنى ئاسمان، كۆزىنى قۇياش، جامالىنى قىبلىگاھ، لەۋىدىن تامغان مەينى ئابى ھايات دەيدۇ. بۇ يەردە بۇنداق ۋەتەننى مەھبۇب ئوبرازىدا مەدھىيىلەش — شەخسكە بولغان مۇھەببەت بىلەن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ سىڭىشتۈرۈلىشىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

شائىر دېمەكچى بولىدۇ: سەن يارىڭنى چىرايلىق دەيسەن، مېنىڭ ۋەتىنىم ماڭا ئاشۇنداق گۈزەل كۆرۈنىدۇ. سەن قانداق چىرايلىقنىڭ شەيداسى بولساڭ بولۇۋەر، مەن ۋەتەننىڭ شەيداسى. سەن ئۆزەڭنى كۈيلەپ غەزەل ئوقۇساڭ، مەن ۋەتەننىڭ غەزىلىنى ئوقۇيمەن، مېنىڭ بۇ يولدىكى پەرۋازىمنىڭ قانىتى بولسا، خەلقنىڭ ماڭا ئېيتىدىغان رەھمىتى. مەن بۇ رەھمەتنى قانچە كۆپ ئالسام، شۇنچە كۆچىيىمەن، شۇنچە ياخشى جەۋلان قىلىمەن. (قېنى قايسى ئاشىقنىڭ مۇھەببىتى يۈكسەك؟)

سۈيۈپ ئۆتسەم باھارنىڭ يامغۇرىدەك بۇ دىيارىمنى،
شەپەقتەك سەيلىتىپ كۆرسەم جۇلالىق لالىزارىمنى.
ئېقىپ تاغ سۈيىدەك ھەر بىر گىياغا ئۈنچىلەر تاقسام،
پاياندار ئەيلىسەم باسقان ئىزىڭگە روزىگارىمنى.

قەھرىمان تۇققاي، دىگەن سوز ئازات بىر ۋەتەن — شۇ ۋەتەن پەرزەنتلىرىنىڭ قەھرىمانلىغىسىز دۇنياغا تورەلمەيدۇ، دۇنيادىمۇ تۇرالمايدۇ، دىگەن سوز، بىر ۋەتەن ئۇزىنىڭ قەھرىمانلىرى بولغاندا، ئەركىسىز، جانسىز، تىلسىز نەرسىدىن ئازات نەرسىگە، جانلىق نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇلۇق خاھىش بىلەن ئاقسۇن ئاياغىمنىڭ ئاستىغا قانىم،
كى تۇپراق ئاستىدا كورسەممۇ بەختىڭنى قەدىردانىم.
شەپەق ئاسمانىدا ھوردەك بەلەن ئاۋاز بىلەن ئۇچساڭ،
نىچۇن كۇلمەس قۇچۇپ شەبنەم لەھەت ئۇستىدە رەيھانىم.

شائىر بۇ رۇبائىسىدا ۋەتەن بىلەن مۇڭدىشىپ، ئىرادە بىلدۇرۇۋاتىدۇ: ئۇلۇق خاھىش يەنى ئازاتلىغىنىڭ، تەرەققىياتىڭ يولىدا قېنىم توكۇلسىمۇ مەيلى، مەن سىنىڭ بەختىڭ ئۇچۇن قۇربان بولۇپ بەختىڭنى تۇپرىغىمدا ياتقاندا كورسەممۇ مەيلى. شائىر بۇ يەردە ۋەتىنىنىڭ شەپەق ئاسمىنىدا ھوردەك ئۇچىدىغانلىغىنى يەنى ئۇنىڭ پارلاق كەلگۇسىگە چوقۇقۇر ئىشىنىدۇ-دە، ۋەتەن شۇنداق چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشكەندە ئوزىنىڭ قەۋرىسى ئۇستىدە ئۇنۇپ چىققان گۇللىرىنىڭ كۇلىدىغانلىغىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

ساما چاچىڭ، كورۇڭ خۇرشىت، جامالىڭ قىبلىگاھىمدۇر،
لىۋىڭ زەر چەشمىدىن تامغان مەيىڭ ئابى ھاياتىمدۇر.

يۇزلىرىمدۇر بەرگى گۇل، قان تامچىسىدۇر شەبنىمى،
بىخەۋەرمەن ئۇز غىمىمدىن، ئۇز غىمىمدۇر ئەل غىمى.
بەنت ئىچىدىسە قاپقا غەملەر، بولسا ئەل غەمدىن خالاس،
تەننى قاپ قىلسام، يىغىلسا خەلقارا غەملەر جىمى.

ئاپتورنىڭ بۇ نۇقتىدىكى پىكرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ناۋايىنىڭ پىكرى بىلەن بىر. ناۋايى يازىدۇ:

دىمە ئانىكىم جاھاندا ئادىمى،
يوق ئۇنىڭدا خەلق غىمىدىن غىمى.

شائىر ناۋايىنىڭ بۇ پىكرىنى ئۇز رۇبائىسىدا بېيىتىدۇ، شەرھىلەيدۇ، تولۇقلايدۇ، ھەتتا شېئرىيەتتىكى تەپەۋۋۇق (يۇقۇرى كوتىرىش) ماھارىتى بىلەن كۇچەيتىدۇ.
ئاپتور شۇ رۇبائىدا ئوزىنى گۇلنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشىتىپ، بۇ يوپۇرماقتىكى شەبنەمنىڭ ئاددى شەبنەم ئەمەس، بەلكى قان ئىكەنلىگى، يەنى ئوزىدە كوتىرىپ قويغۇسىز دەرت-ئەلەم بارلىغى، لېكىن بۇ ھەقتە غەم قىلمايدىغانلىغى، پەقەت غىمى — ئەلنىڭ غىمى ئىكەنلىگىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، دۇنيادىكى تۇگىمەس غەملەردىن ئىچى پۇشۇپ ۋە زەردە بولۇپ، شۇ غەملەرنى بىر قاپقا سولاپ قويۇپ، ئىنسانلارنى غەمدىن قۇتقۇزۇشنى ئويلايدۇ. بۇ ئارزۇنىڭ رىياللىقا ئايلىنىش-ئايلىنالماسلىغى، بۇ، نەچچىنچى مەسىلە. بىراق، بۇ يەردە شائىرنىڭ خىيالى

ئاپتورنىڭ بۇ رۇبائىدىكى ئارزۇسى نىمە دىگەن چىرايلىق، نىمە دىگەن سەممىي. ئۇ ۋەتەنىنىڭ ھەممە يېرىنى—ھەممە تۇپىسىنى سۆيۈۋىلىش ئارمىنىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن باھار ياغمۇرى بولغۇسى كېلىدۇ. ۋەتەنىنىڭ ئوت چاقناپ كەتكەن گۈل ـ گۈلىستانلىرىغا قاراپ سەيلى-تاماشا قىلىش ئۈچۈن بۇلۇت ئۈستىدىكى شەپەق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ، تاغ سۈيى بولۇپ ئېقىپ، ۋەتەنىنىڭ ھەر بىر يېشىل ئوتلاقلىرىنى ئارىلاپ ئۆتكۈسى، بۇ يەردىكى مايسا ـ گىيالارنىڭ قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ بىرلىيالىغان تامچىسىدىن ئۈنچە ـ مارجان تاقاپ، ئۇنى ئەركىلىتىپ ئوتتۇشنى ئويلايدۇ. ئۇ، بۇنىڭلىق بىلەنمۇ يۈرىكىدىكى ئوتىنى باسالمايدۇ ـ دە، "ياق، پۈتۈن تىرىكچىلىگىمنى سېنىڭ يولۇڭغا پاياندار قىلىپ سالاي، پۈتۈن بار ـ يوقۇمنى سېنىڭ كويىڭدا تىكەي" دەپ ئاتەشىن ھىسسىياتىغا تەسكىن بېرىدۇ. "روزىگارىمنى يولۇڭغا پاياندار قىلاي" دىگەن سۆز—ھەم نەپىس، ھەم كەسكىن بولۇپ، بۇنداق يۈرەكنىڭ تۈشتىدىن چىققان پىكىر دەل يۈرەكنىڭ تۆشتىغا تېگىدۇ.

## 2

## ئوز غېمىدۇر ئەل غېمى

شائىرنىڭ تۇۋەندىكى رۇبائىسىدا تەپەككۇر ھەم كەسكىن، ھەم قىزىق:

بۇ بېشىغا "كۈن" چۈشكەندە ئەل دەپ "مىسكىن" بولىدىغان، قوشىغا ئىسسىق ئوتكەندە، ئەلنى يادىدىن چىقىرىپ "مەلئۇن" بولىدىغان نائەھلىلەرگە ئاپتورنىڭ بىر تەنبىھىسى بولۇش كېرەك.

گۈل ئېچىلماس بولمىسا گۈل بەرگىنىڭ ھىمايىسى،
ھول - يېغىن بولماس مادار سۇنغاندا گۈلنىڭ پايىسى......
گۈل گۈزەل بولغان بىلەن، مۇھتاج بوپۇرماققا دىسەم،
دىدى بۇلبۇل: "پىكرىڭىز—ئىككى جاھان سەرمايىسى".

ئاپتورنىڭ مەزكۇر رۇبائىسىدىكى پەلسەپىۋى پىكرى "شەخس" بىلەن "جامائەت" ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى شېئىر تىلى ئارقىلىق چوشەندۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئادەملىك تەرەققىياتىدا مۇھىتنىڭ — ئوز چورىسىدىكى ئەل-جامائەتنىڭ زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاساسلايدۇ. شائىر بۇ نۇقتىدا روشەن جامائەتچىدۇر، ئۇ، لىبىرال ئەمەس، سوتسىيالدۇر.

دۇرۇس، جەمىيەتىمىز ئىدىئولوگىيىدە جەمىيەتنىڭ شەخسكە تەسىرى، جەمىيەت — شەخسنىڭ مۇرەببىسى ئىكەنلىگى يېڭى گەپ ئەمەس. ئۇ، دىيىلگەن گەپ. بىراق شۇنى بۇ رۇبائىدا تەكىتلەشتىكى مەنتىق كۈچ ئالا-ھىدە.

رۇبائىنىڭ 1 - مىسراسىدىكى "گۈل" ئوبرازى "شەخس"، "گۈل بەرگى" ئوبرازى ئەل - جامائەت ئوبرازى. سەن قانچە ياخشى كىشى بولۇپ كەت،— دەيدۇ ئاپ-

ئىسسىل، پىكرى موتىۋەر. ھەتتا شائىر بۇ ھەقتە شۇنداق قىزىپ كېتىدۇكى، گويا ئۇزىنىڭ تېنىنى بىر قاپ قىلىپ، خەلقارا بارلىق غەمنى شۇ "قاپ"قا قاچىلاپ تۈگىتىشنى، دىمەك دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ غېمىنى بىر ئۆزىلا تارتىپ ئايرىلىشىپ كېتىشنى خىيال قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە شائىر بابا رەھىم (مەشرەپ) مۇنداق دىگەن ئىدى:

"ئاسى - جاپى كويىمسۇن تەنھا دوزاقىقا مەن باراي"

(سىز بۇنى مەردانىلىق دەمسىز، ئىنتېرناتسىونالىلىق دەمسىز؟)

ئۇنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىسىدا ئاجايىپ نازۇك ھىسسىيات، ئاجايىپ توغرا يۈرەك ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

گەر خىيال قىلسام مۇشەققەت ئىچرە راھەت نازىنى،
ئەۋجى شاتلىقتىن سېزەرمەن قايغۇنىڭ ئاۋازىنى......،
مەيلى راھەت، مەيلى كۈلپەت بولمىغان مىزان ماڭا،
ئەلگە شەيدالىق چالۇر چىن ئېتىخارىم سازىنى.

شائىر مۇشەققەت ئىچىدىكى راھەتنىڭ بوينى ھىس قىلىدىغانلىقى، قانچە شاتلىق ئاشسا، ئۇنىڭدىن "قايغۇ"نىڭ تاۋۇشىنى سېزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەلگە مۇئامىلە قىلىشتا ئاشۇ ئىشلارغا قاراپ، ئۇنداق ياكى مۇنداق خىيالدا بولىمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇ، بۇ يەردە، مېنىڭ ئېتىخارىم، شانۇ - شەۋكىتىمنىڭ سازىنى ماڭا دۇچكەلگەن ياخشى - يامان "تەقدىر" ئەمەس، مېنىڭ ئەسلى ئەلگە ھېرىسلىقىم ۋە يۈرىكىمدىكى ئىشتىياقىم چېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ.

ئەدىپ، شائىرلار ئۈچۈن "ئۆلمەس ئىش" يارىتىش توغ-
رىسىدا مۇنداق بىر دەرس ئۆتىدۇ:

يۈرىگىدە ئەل ئىشقىنىڭ نۇرىدىن بىر يوروقلۇق
بولمىغان كىشى، دۇنيادا يولۇققان بوران - چاپقۇنلۇق پەيت-
لەردە گاڭگىراش قاراڭغۇلۇغىدا قالىدۇ. ئەگەر باغرىڭدا
ئېلىڭنى سۆيىدىغان بىر مۇھەببەت ئوتى يوقكەن، قەلەمنى
قانچە تۇتۇپ ئولتۇرساڭمۇ، ئالدىڭدىكى سىيا قۇر - قۇر
نەزمىگە ئايلانمايدۇ. سەن ئەگەر "ئۆلمەس ئىش قىلاي"
دەيدىغان بولساڭ، ئەلنى كۈيلە، سەن ئەلنى كۈيلىسەڭ،
ئەل سېنى كۈيلەيدۇ - دە، بۇ، "ئۆلمەس ئىش" ياراتقان-
لىقتۇر. دەرۋەقە، پەقەت ئۆزىنى كۈيلەش غېمىدىلا بولغان
كىشىلەر تارىخ تەرىپىدىن تولىمۇ ئىلدام ئۇنتۇلىدۇ.

3

## كارامەت كۆرسەتەلمەس ئەھلى ئەمگەكتىنىڭ ۋەلى، راھىپ

شائىر "ئەل" دىگەندە، ئۇنى كىشىلەر ئاغزىدا
رەسمىلىشىپ قالغان رەسمىيەت بويىچە ئېيتمايدۇ. ئۇنىڭ
رۇبائىلىرىدىكى "ئەل" ئابستىراكىت ئاتالغۇ ئەمەس، كونك-
رىت ئىبارىدۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاغزى ۋە ئۆز شېئىرىنى
ئوقۇغان ھەر بىر كىتابخان ئارقىلىق:

تور، — ئىشىنىڭ قانچە ياخشى بولغان بولسۇن، بۇ، خەلقىنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن بولغان. ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق ياخشى بولغان ئىشىدا ئەلنىڭ، جاما - ئەتنىڭ ھەسسىسى بار...... ئۇ، رۇبائىنىڭ 2 - مىسراسىدا بولسا، تۋەندىكى نۇقتىنەزەرنى ئالغا سۈرىدۇ: ئەگەر گۈل - نىڭ پايىسى سۇنۇپ كەتسە، يەنى شەخس بوران - چاپقۇنغا ئۇچراپ مۇزتەرلىك - چارىسىزلىق ھالەتكە چۈشسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا پالانى ئەرباپ، پالانى تونۇش يار - يۆلەك بولالا - مايدۇ. ئادەم ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تايىنىدىغان ئىشەنچ - لىك مەنبە — ئەل - جامائەتتۇر.

ئاپتور 3 - مىسرادا — گۈل گۈزەل بولغان بىلەن يوپۇرماققا ئېھتىياجلىق، ئادەم قانچە يوغان بولۇپ كەتكەن بىلەن ئەل - جامائەتكە ئېھتىياجلىق، دۇنيادا ھەممىدىن خەلق بۈيۈك، شەخس ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بىلەن خەلق - نىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلسا بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ...... دەيدۇ، ھەتتا بۇ پىكىرنى 4 - مىسرادا بۇلبۇلنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ:

بولمىسا قەلبىگدە شام، تۈندە قالارسەن بى زىيا،
يانمىسا قەلبىگدە بىر ئوت، نەزمە بولمايدۇ سىيا.
ئەلنى سەن كۈيلەپ، سېنى ئەل كۈيلىسە ئولمەس ئىشىڭ...
بەرق ئۇرار "ھەسەن - ھۈسەن" گويا بولۇپ ئاسماندا، يا.

مەزكۇر رۇبائى، ھەر بىر كىشى ئۈچۈن، خۇسۇسەن

كوزۇڭنى ئەيلىگىن روشەن، قۇياشنىڭ شەمىٔى ئۇچكەندە
جاھانىغا قاپ ـ قارا لەيلى گۈلنىڭ بەرگى چۈشكەندە...
چويۇن كوكسۇڭنى رۇس ئەيلەپ، كۆلۈشنى سەن غۇرۇر بىلگىن،
جاپا تاغى چىچىپ تاش قەھرىنى باشىڭغا كوچكەندە.

ئادەتتىكى چاغلاردا ھەممە كىشى كوكرەك كېرىدۇ.
جەڭ تۈگـىگەنـدە پالـۋان كوپ. گەپ—قۇياشنىڭ نۇرى
ئۇچـكەن يەنى ھەقىقـەت ئاسمىنىنى شۇملۇق بۇلۇتـلـىرى
قاپلاپ، يورۇقلۇق توسالغان چاغدا كوزنى چاپاق باستۇر-
ماي روشەن تۇتۇشتا! ۋۇجۇدۇڭنى مۇشەققەت تېغى باس-
قانچە، مەيدەڭنى كوتىرىپىرەك تۇرۇشتا...
مانا بۇ، قەھرىمانلىق، مانا بۇ، ئادەملىك غۇرۇرى،
مانا بۇ، مەرتلىك سىماسى!

دىلىڭ قايغۇغا چوككەندە، غۇرۇرنىڭ كەپتىرى بولغىن،
خوشاللىق ئاشيانىڭدۇر، جىمىنىڭ كەپتىرى بولغىن!

شائىر مەزكۇر ئىككى مىسرادا قانداق چاغدا "غۇرۇر"
نىڭ، قايسى ۋاقىتتا "كەمتەرلىك"نىڭ لازىملىقىنى ئايرىپ
بېرىدۇ: بېشىڭغا مىسكىنلىك چۈشكەندە، روھىي ياقتىن يانچىـ-
لىپ كەتمە، ۋىجدانى ياقتىن ئولمە! ھەتتا يۇرىگىڭنى تېخىمۇ
ئورە تۇت! ئادەتتىكى چاغلاردا، ئاما ئىچىدە ئوزەڭنى
كەمتەر تۇتكى، بۇ ساڭا خوشاللىق كەلتۈرىدۇ.
بىردە چىدام ـ غەيرەت، غۇرۇر، كەمتەرلىك ھەقىقىدە
بىرقەدەر يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ توغرىدا «رۇبائىيات»
تىكى پىكىرلەردە لىرىك تەسەۋۇر ئىنچىكىرەك.

گەن دەۋر بىلەن — بىر ئىنقىلاپچى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، شۇنداقلا باشقا "كۈن" چۈشكەن ۋە كوڭۈل قايغۇغا چوككەن ۋاقىت بىلەن بىر ئۈمىتلىك كىشىنىڭ ھەسسىياتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

لالىزار تاغ باغرىغا سوغ قەھرىتان قار توكتى پەس،
كەلمىگى تەس كېپىنەكنىڭ گۈل كورۇشكە بىر نەپەس....
ئارچا-قارغاي خىسلىتى ئاشقاي زىمىستاندىن ئۆتۈپ،
ئېچىلىشقاي نەۋ باھاردا مىڭ چېچەك قوزغاپ ھەۋەس.

سىز بۇ ھەقتە جانابى "دىيالوگ"نى ئىشقا سېلىپ كورۇڭ:

— نېمە ئۈچۈن قىشتا باشقا دەرەخ يوپۇرماقلىرى يوق؟
— ئۇ سوغاققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.
— نېمە ئۈچۈن ئارچا-قارغاي قەھرىتان قىشتىمۇ ياشىرىپ تۇرىدۇ؟
— ئۇ چىدامىلىق.
— قايسى قەھرىمان؟
— ئەلۋەتتە چىداشلىق بەرگىنى-دە!

ئادەم مۇختەلىپ، ئۆزگىرىشچان زامانلارنىڭ ئوتىدا كويۇپ، سۈيىدە ئاققاندىن كېيىن بىلىنىدۇ، ئۇنىڭ قەدرى-قىممىتى رىيازەتكە چىداپ ئەھدىدە بەرقارار تۇرغاندىن كېيىن ئاشىدۇ.....

شائىر توۋەندىكى رۇبائىيسىدا تەكەببۇرلۇقنى مەنىستىمەيدۇ:

سەن تەكەببۇر ئەيلىمە ئەقلىم پاراسەت ئايى دەپ،
لەۋھەلەر ئاسما بويۇڭغا "ئەزىمىلەر دەرگاھى" دەپ.
قانۇنى ئالەمنى سەن پىكرىڭگە بەيئەت قىل دىسەڭ،
مەسخىرە ئەيلەر جاھان: بىر تۈپ قوناقنىڭ پايى دەپ.

شائىر مەزكۇر رۇبائىينىڭ 3 -، 4 - مىسرالىرىدا تەكەب-بۇرغا دىمىغىدا بىرنى كۆلۈۋېتىپ ئېيتىدۇكى: سەن باشقىلارنى مېنىڭ پىكرىمگە تەسلىم بولساڭ، مېنىڭ كەينىمدىن ئەگەشسەڭ بولاتتى دەۋاتىسەن، بىراق، باشقىلار سېنى ئۇنچىلىك چوڭ بىرنىمە دەپ ھىساپلىمايدۇ......

شائىر توۋەندىكى رۇبائىيسى بىلەن تەكەببۇرغا ئۆز ئىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتىنى كورسىتىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن يېنىشقا مەسلىھەت بېرىدۇ:

تەكەببۇر قىلمىغىن ھەرگىز سېنىڭدەك كۆرمىگى ئۆتكەن...
بۇ كۆرمىگلار تورەلمەيمۇ، جاھان چەرقى داۋام ئەتكەن!
تەكەببۇرلۇق—كىشىلىك ئالتۇنىغا مىسلى لاك سۇرتمەك،
تەكەببۇرلار ئەزەلدىن خاھىشىنىڭ ئەكسىگە يەتكەن.

مەزكۇر رۇبائىيدىكى 4 - مىسرا— تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئاجايىپ جايىدا چىقىرىلغان يەكۈن. تارىخنىڭ بىزگە كورسىتىپ كېلىۋاتقىنى شۇكى: كىمكى غادايدى، ئۇنىڭ بېشى توۋەنلىدى.

## 5

## تەكەببۇر، ھەسەتخور، تاماگەر بولما!

ئاپتور ئۆز رۇبائىيلىرىدا كىشىلىك ئەخلاقى ئۈستىدىمۇ خېلى كوپ توختىغان. ئۇ، ئەخلاقنىڭ ياخشىلىرىنى تاللىغاندا، ئادەمنىڭ كوڭلى ياخشى بولۇشىنى، گۈزەل قەلب ئىگىسى بولۇشنى ئالدىنقى قاتارغا قويىدۇ، ئۇ دەيدۇ:

گۈزەل قەلب چىن سائادەتتۇر، ئاڭا كۆلپەتمۇ راھەتتۇر......
خۇنۇكلۈك باسسا قەلبىڭنى، ھەسەل ئىچسەڭ نەلەز-
زەتتۇر؟!
گۈزەل قەلب-كائىنات گويا، پەرىزات مىسلى ئىدراك،
ھىس،
ئىپار چاچماق ئاڭا دائىم، كوڭۇل باغىغا ئادەتتۇر.

گەپ چۈشىنىشلىك: ئادەمنىڭ يامان كوڭلى ئوزى ئۈچۈنمۇ زەھەر، ياخشى كوڭلى ئوزى ئۈچۈنمۇ ھەسەل. گۈزەل قەلب — ئوزى ئۈچۈن سائادەت بولۇپلا قالماي، بولەك ئادەم ئۈچۈنمۇ سائادەت. ئۇ باغلار ئىچىدىكى شۇنداق باغكى، باشقا كوڭۇل باغلىرىغا ئىپار چاچىدۇ. تارىختىكى مۇنەۋۋەر مەرىپەتلىك زاتلار—قەلبى گۈزەللەردىن ئىبارەت ئىدى، ئۇلارنىڭ گۈزەل قەلبى باشقا قەلبلەرگە ئىپار چاچقان، ياخشى-ياماننى تونۇتقان ۋە سائادەت بېغىشلىغان ئەمەسمۇ!؟

ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە. ھەسەتخور بولدۇڭمۇ، — دەيدۇ شائىر ئاشۇ رۇبائىدا، — تۇگەشتىڭ! چاپىنىڭ تىزىڭدىن ئاشمايدۇ، ھەتتا سۇلايمان پەيغەمبەردەك ئادەم كەلسىمۇ، ئاخىر دۇم چۈشىسەن!

## 6

## ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي جەننەت — ئىلىم

«رۇبائىيات» تىكى ھەر بىر رۇبائىنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىزىل سىزىق باردۇ، بۇ قىزىل سىزىق — مىسرالارغا يېكىتىلگەن ئىلىم - مەرىپەت، پەن - پەلسەپىگە مۇھەببەت مەزمۇنىدۇر. شائىرنىڭ بۇ ھەقتىكى ھىسسىياتى يەنىمۇ كۈچلۈك.

زىننەتى قەلبىدە يوقلار ئۈستىگە زىننەت تاقار،
ئىدرىكى كوزىدە يوقلار ئۈشبۇ "زىننەت"كە باقار.
ئىلمۇ - ئىرپان بىرلە ياۋلار پىتنەسى — زىننەت ساڭا،
گۈلباھار زىبالىغىڭ، دانالىغىڭ دەريا ئاقار......

ئاپتور شۇ رۇبائىدا دەيدۇ: بىر قىسىم ئىچى سەت كىشىلەر تېشىنى زىننەتلىسە، كوزىدە ئىدراك يوق، كوزى ئەقىلسىز (ئادەم تونۇمايدىغان) كىشىلەر ئاشۇ قاپاق زىننەتكە مەستخۇش بولىدۇ؛ بىزدە تېخى ئاشۇنداق بازار بار......

غۇرۇر ئۇ، خىسلىتى ئىنسان، ئۇنىڭ نۇر پەرقى سەنئەتتە،
خۇشامەت ھەم خۇراپات ئۇخلىتار ئىنسانىنى غەپلەتتە...
تاماگەرلىك بىلەن قەقنۇس بولۇشنى قىلغۇچە ئارمان،
جامائەت بىرلە لاچىنلىق ساماسىن ئوينا جۇرئەتتە.

ئاپتور ئاياقتا كېلىپ ئادەم خۇلقىدىكى گىدىيىش-يېلىنىش، غۇرۇر، خۇشامەت ۋە تاماگەرلىك، قانائەت قاتارلىق بىر بىرىگە تەتۈر قىلىقلارنى تەڭشەشنى ئەسكەرتىدۇ، تەكەببۇر بولمايمەن دەپ، كىشىلەرگە ئورۇنلۇق-ئورۇنسىز يېلىنىپ، ئىنسانلىق ئىززىتىڭنى يوقاتما، تاماگەرلىك بىلەن يۇقۇرىغا ئۆمىلەشنى ئويلاپ سىقىلىشتىن كۆرە، ئاددى ئادەملىك ئەركىنلىكى بىلەن لاچىندەك پەرۋاز قىلىپ يۈرگەننىڭ ھوزۇرى چوڭ.

دۇنيادىكى ئەڭ پەس قىلىقمۇ ھەسەت (كورەلمەسلىك)، شائىرنىڭ ئۆز رۇبائىسىدا ئەڭ ئېغىر جازاغا ھوكۇم قىلىغان كىشىمۇ ھەسەتخور.

ئومۇر گۈلشەنلىرىڭ ئەۋەك، خەلقنى داغا جا ئەتسەڭ،
كوڭۈل ئەينەكلىرىڭ روشەن، ئىلىمگە ئىلتىجا ئەتسەڭ،
سائادەت ئۇل سائادەتنى ئوتتۇنمەك بىرلە بولغاي تەل...
سۇلايمان ئامىتىڭ بەربات، ھەسەتنى مۇددىا ئەتسەڭ.

ھەسەتخورنىڭ ھالاكەتلىك ئاقىۋىتى تارىختا ھازىرغىچە چوڭ-كىچىك ئىشلاردا يېڭى-يېڭى پاكىتلار بىلەن

رەك ئۆزاتقان دىۋىنىڭ غەلتە ئەلپازىغا ئوخشىتىدۇ-دە، ئۇنى سىزىۋېتىپ ئۆزى ئىزىنىڭدىن ھەجۋى كۈلىدۇ. خۇ- سۈسەن بۇ رۇبائىنىڭ 3-، 4-مىسرالىرىدىكى مەرىپەتلىك ئادەملەر ئوبرازى—شاپتۇل، ئانارلار بىلەن مەرىپەتسىز شەخس ئوبرازى ھەشەمەتلىك تېرەكنىڭ سېلىشتۇرمىسى نېمە دېگەن ھەققانى!

سېزەمسەن دىلبەرىم! كەلدى باھار ئاۋازى ھەر ياندىن.
زامانەم مۇترىبى چالدى مۇقامىنى يېڭى دەۋراندىن......
بەختىنىڭ تۇزقۇشى ئاچتى جۇلالىق ھۆسنىنى ھەيھات!
بىزەكلە كەڭ دىيارىڭنى دېگەندەك ئىلىم-ئىرپاندىن.

بۇ رۇبائى دەۋر قىياپىتىنى ئاجايىپ سەلتەنەتلىك تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئەسىرلىشىش-زامانىۋىلىشىش خىزمى- تىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ۋەزىپىسىگە ھەممىمىزنى ئۆزى تەرەپتىن تەنتەنىلىك ھالدا چاقىرىق قىلىدۇ، قېنى يەڭ شىمايلايلى، — دەيدۇ شائىر بۇ يەردە، — دىيارىمىزنى ئىل- مۇ-ئىرپاندىن تۇزدەك بىزەكلەش پەيتى كەلدى!

ئاپتور ئىلىمنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ، بىزگە قەدىرلەش- نى تاپىلايدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئىلىملىككە ھۆرمەت قىل. دۇنيانىڭ ئىشىغا ئولپاك ئەمەس ئىلىملىك بىلەن مۇئامىلە ىل، ھەر بىر مەسىلىگە ئىلمى قارا، ئالەمدە ئىلمى اشا دەيدۇ:

سەن ھەقىقىي زىننەتنى بىلەمسەن؟ سەندە ئىلىم-ئىرپان بولسا، يەنە كېلىپ دۈشمەنلەر ساڭا پىتنە-پاسات قىلسا مانا شۇنى ئۆزەڭگە زىننەت دەپ بىل!

ئىنسانغا بىلىمنىڭ زىننەت ئىكەنلىكى — مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان سۆز ئىدى. ئاپتور بۇ رۇبائىدا ئۇنىڭغا يەنە بىر يېڭى جۈملىنى قوشقان: توغرا ئادەمگە دۈشمەنلىك پىتنىسىمۇ زىننەت، دىگەن. بۇ يېڭى پىكىر، ئەڭ توغرا باھا، ئىنچىكە تەپەككۇر ۋە مەردانە سۆز.

ئاپتور ئىلىم-مەرىپەت ئۈستىدە گەپ قىلغاندا، ھازىرغىچە تولا دىيىلىپ شاما بولۇپ كەتكەن ئىبارىلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇ، بىز يېزىۋاتقان ئىلىم ئۇنداق ياخشى، بۇنداق گۈزەل دىگەن ئۇگىتچىلىك، ۋەز، نەسىھەتچىلىك ئۇسلۇبىدىن ھالقىپ، ئادەم تەسىرلەنگۈدەك، ئىبرەت ئالغۇدەك ۋە ھەمىشە ياددىن كەتمىگۈدەك بىر "ئوبراز" نى سىزىپ كۆرسىتىدۇ: بۇ رۇبائىغا قاراڭ:

تۇردۇ قورقۇنچ سېلىپ، تەنھا ھەشەمەتلىك تېرەك،
شاخلىرى گويا دىۋە ئەلپازىدىن بېرىپ دېرەك......
يۈزلىگەن شاپتۇل، ئانارىدىن ئاشسىمۇ گەر ھەيۋىتى،
ئىچى پور بولغاچ ئوتتۇندىن ئۆزگىگە بولماس كېرەك.

رۇبائىدىكى ھەشەمەتلىك تېرەك ئوبرازى — خۇددى ئىلىم، مەرىپەتسىز كىشىنىڭ تەققى-تۇرقى. شائىر بۇ تېرەكنىڭ قالايمىقان شاخلىرىنى گويا پۇت-قوللىرىنى ھەرەڭ-سە-

سا، مەھبۇبىنىڭ قارا چېچىنى تۈندەك دېسە، ئۇنىڭ ھوسنىنى شۇ "تۈن"نى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئايغا تەمسىل قىلىدۇ. بۇ كېيىنكى ئوخشىتىش — بالدۇرقىسىدىنمۇ ئەپچىلرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاق كىشىگە قارا كىيىم شۇنداق يارىشىدۇ، قاراڭغۇ كېچىدە ئاينىڭ ھۆسنى شۇنداق كۆركەم بولۇپ كېتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭدا ھەممىدىن مۇھىم ئوخشىتىش — 4 - مىسرادا.

ئۆزەڭ شۇنداق كېلىشكەن، — دەيدۇ شائىر، — ۋە لېكىن قەلبىڭنىڭ كىملەرگە پىنھان سارىيىڭ بار؟ سېنىڭ كۆڭلۈڭدە مەندىن باشقا يەنە بىر كىشىگە ئورۇن بارمۇ قانداق؟ شائىر بۇ يەردە مەھبۇبىنىڭ يەنە بىراۋنى ئويلاشقا بېرىدىغان يۈرىكىدىكى جايىنى "پىنھان سارىيىڭ" دېگەن، ئۇنى "پىنھان ساراي" غا ئوخشاتقان، شۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكى ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئول ئاينى ئاھ ئوقى بىرلە ئېتىپ، ئوۋ قىلمىغىڭ تەستۇر،
چىراغى ئەرش بىلەن كۆرستا، بىراق قەلبى ھامان پەستۇر...
تولۇن ئاي جامىنى زىبا بەلىپ ئىچمە ئۇنىڭدىن مەي
ئۇنىڭ نۇر شۇلىسىدىن لەززەت ئەپتۇرغان چاۋا خەستۇر.

شائىر بۇ يەرە ۋاپاسىز، ئۆزمە كوكۇل بىر "يار"نىڭ ئوبرازىنى سىزىپ، ئۇنىڭ ساھىپجامالىغىنىڭ

... مەيلى سەن هاياك دەپ ئۈزەڭنى بەزلە،
- مەيلى سەن ئۇلۇم دەپ ئىبادەت ئىزلە......
هەق - ناهەق چىرمىشىپ كەتكەن ئالەمدە،
ئىلمنى قەدىرلەپ هەق سوزنى سوزلە.

## 1

## بەدىئەتلەر ئەۋرىشكىلەرى

شېئىردىكى ئوخشىتىش ئادەمنى قايىل قىلىدۇ.

ئوخشىتىش (تەشبىھ) — شېئىرىيەتتىكى ئاساسىي ماھا - رەت ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. ئەگەر بىر شائىر شېئىرىدا ئوخشى - تىشتا ئۇستا ئىكەن، ئۇ، شېئىرغا ئۇستا دېگەن سوز. شېئىر — مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئوخشىتىش دېمەكتۇر.

ئەتىر گۇل كوينىكىنىڭ ئىچرە قىزىلگۇلدەك چىرايىڭ بار،
كوزۇڭدە خۇش تەبەسسۇم، سوزلىرىڭدە ئالتۇن رايىڭ بار.
قارا چاچىڭ ئەگەر تۇن بولسا، گۇل هوسنىڭدە ئايىڭ بار،
بىراق، قەلبىڭدە كىملەرگە سېنىڭ پىنھان سارايىڭ بار.

شائىر بۇ رۇبائىنىڭ 1 - مىسراسىدا يارنىڭ كوينە - گىنى ئەتىر گۇلگە، چىرايىنى قىزىلگۇلگە ئوخشىتىپ ئۇنىڭ گويا ئاق كۇمۇش رۇمكىغا قىزىل ياقۇت مەي قۇيۇلغاندەك، گويا سۇبھى ئۇپۇقىغا شەپەق قىزىللىغى رەڭ بەرگەندەك رەڭدارلىقنى تەسۋىرلەيدۇ. 3 - مىسراسىدا بول -

2

## شېئىردىكى بالاغەت تېخىمۇ جايىدا

بالاغەت — تەلەپكە يېتىش دېمەك بولۇپ، شېئىرىيەتتە سۆزنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش ۋە ئۆتكۈر قىلىپ ئېيتىش ماھارىتىدۇر. بىر شېئىرنىڭ كۈچ-لۈكلۈكى — بالاغىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

سېنىڭ ئوق - يالىرىڭ قىلدى تېنىمنى توزۇتۇپ ۋەيران،
شىپا قىلما تەۋىپ بەس! ئۆل بولۇپ قالسۇن ساداق ئورمان.
سېنىڭ ئەپسۇنلىرىڭ گويا قىلچىتەك تىلدى سىنەمنى،
يارامنى تىكمە، قان دەرياسىدىن ئۈزسۇن كېمەك ھەريان.

بۇ رۇبائىيدا ئاساسىي ماھارەت 2-، 4 - مىسرالاردا. ئاپتور بۇ يەردە تەۋىپقا خىتاپ قىلىپ: "ئىشق ئوقى كوپ تېگىپ، ئوق قادىلىپ تۇرغان مەيدەمنى داۋا-لايمەن دىمە، مەيلى شۇنداق سانسىز ئوقلاردىن كوكرىگىم ئوقلار ئورمىنى بولسۇن"؛ يارغا خىتاپ قىلىپ: "سېنىڭ ئەپسۇنلىرىڭنىڭ قىلىچى تىلغان مەيدەمنىڭ يارىسىنى تىكمە، مەيلى ئۇنىڭ قان دەرياسىدىن كېمەك ئۈزسۇن" دەيدۇ.

شائىر بۇ رۇبائىيدا سوزنى بالاغەتكە كوتىرىپ، ئىشق ئوقى تېگىشتىن مەيدىسىنىڭ "ئوق ئورمانلىغى"غا ئايلىنىشىنى،

دەرىجىسىنى ئەرش بىلەن كۆرسىتەك ئىگىز جايغا ئوخـ
شاتسىمۇ، ئەمما كۆڭلىنىڭ پەسلىگىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ
يەردىكى چىراي بىلەن كۆڭۈل دەرىجىسىنىڭ سېلىشتۇرمىـ
سىدا، گەرچە ئۇنىڭ چىرايى ئەرشتەك ئىگىز دېيىـ
لىپ كۆڭلى پالان نەرسىدەك پەس دېيىلمىسىمۇ، ئىسمى
ئاتالمىغان بىر ئوخشىتىش يوشۇرۇنغان. ئۇ، چىرايىنىڭ
دەرىجىسى قانچە ئىگىز بولسا كۆڭلى شۇنچە پەس دىـ
گەن ئوخشىتىشتۇر.

بۇ رۇبائىيدىكى ئوخشىتىشنىڭ تېخىمۇ بەلەن يېرى
3-، 4-مىسرالاردا. ئاپتور شۇ مىسرالاردا "ئۇنىڭ جاـ
مالىنىڭ 'ئاي' لىقىغا قاراپ جامىدىن مەي ئىچىپ قالـ
ما، ئۇ شۇنداق 'ئاي' كى ئۇنىڭ نۇر شولىسىدىن چاۋاـ
خەسلەرمۇ پايدىلىنىۋاتىدۇ" دەپ، رەقىپ-كۈندەشلەرنى
"چاۋا"، "خەس"كە ئوخشاتقان.

مەزكۇر شېئىردىكى 3 "ياقىلىۇر" نىڭ 3 خىل مەنىسى بار. بىرىنچىسى ئوت يېقىلىدۇ. ئىككىنچىسى ياچاق قىلىدۇ، ئۈچىنچىسى قىلمايدۇ، يا قىلىدۇ. شېئىرىيەتتە مۇنداق شەكىلداش كەلگەن سۆزلەر، مەنىسى باشقا بولغاچ، ئۇنىڭ ئۆزى قاپىيىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا يەنە قاپىيە كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنمايدۇ (ئۇلار شەكىلداش سۆز بولسىمۇ، مەنىسى ئوخشاش بولمىغاچ، رادىپ — تەكرار سۆز قاتارىغا كىرمەيدۇ). بىراق، «رۇبائىيات» نىڭ ئاپتورى شېئىرىيەت سەنئىتىدە ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە ھالقىپ ئۆتكەن:

ماگا قىسمەت ئىدى بىر سىر، ئۇنىڭ پالىنى ئەل ئاچتى،
ئادالەت زەر ئۆزۈككە كۆز بولۇپ ياقۇت لەھەل ئاچتى،
خوشال خەندان ئېيتەرمەن، زوق ئېتەر كۆلكەمگىمۇ بۇلبۇل،
كورۈك پەرھادىغا شىرىن، گۈزەل رەڭگىن تۈگەل ئاچتى.

مەزكۇر رۇبائىنىڭ 1 - مىسراسىدىكى "ئاچتى" — پال كوردى، 2- مىسراسىدىكى "ئاچتى"—زىننىتىنى ئاشۇردى، 3 - مىسراسىدىكى "ئاچتى"— يۈزىنى ئاچتى مەنىسىدە كەلتۈرۈل-گەن. بۇ رۇبائىدىكى ئۈچ "ئاچتى" ئۈچ مەنىدەكەلگەچكە مۇھتە-مىلات (تۇيۇق) بولۇپ، ئىش ئۆز ئولچىمى بويىچە ئورۇنلا-نىپ بولغان ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا يەنە قاپىيىمۇ زورۇر ئەمەس ئىدى. ئاپتور بۇ يەردە شەكىلداش سۆزنىڭ يېنىغا ئەل، لەھەل، تۈگەل دىگەن قاپىيەلەرنى كەلتۈرۈپ، قوش قاپىيە-لىك رۇبائى، قوش قاپىيىلىك مۇھتەمىلات ياراتقان.

يارنىڭ كوڭلىنى ئالاقزادە قىلىدىغان سوزدىن يارا بولغان كوكسىدىن ئاققان قانىنىڭ "كېمە ئۈزگۈدەك دەريا" ھاسىل قىلىشىنى ئېيتقان.

3

## مۇھتەمىلات (تۇيۇق) ۋە سوز ئويۇن

«رۇبائىيات» تا شېئرىيەت ماھارىتىدىن سوز ئويۇنى كوپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا مۇھتەمىلات (تۇيۇق) ۋە تەجنىس (شەكىلداش سوزلەر) بىلەن يېزىلغان رۇبائىلار كوپ، كوپ بولغاندىمۇ ئۇنىڭ دەرىجىدىن يۇقۇرى بولغانلىرى بار.

مۇھتەمىلات (تۇيۇق) — توپ مىسرالىقتىن قىلىپ يېزىلغان ۋە ئۇنىڭ 1 -، 2 -، 4- مىسرالىرى بىر قاپىيىدە كېلىدىغان (رۇبائىغا ئوخشاش) شېئر بولۇپ، مەزكۇر 3 قۇردىكى قاپىيىداش سوزنىڭ يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، ئەمما مەنىسى بولەك بولىدۇ.

لەئلىدىن جانىمغا ئوتلار ياقىلۇر،
قاشى-قەددىمنى چاپادىن ياقىلۇر،
مەن ۋاپاسى ۋەدىسىدىن شادمەن،
ئول ۋاپا بىلمەمكى، قىلماس يا-قىلۇر.
(ناۋايى)

ئاڭلىغانىتىم بۇ گۈزەلنىڭ تۆت تەرەپتىن داڭقىنى،
شەنگە ياققان ئىدىم ھەركۈندە ئىسرىق داڭقىنى.
..........................................
..........................................
..........................................

بۇنىڭدا 1 - مىسرادىكى "داڭقىنى" سۆزى — "شوھ-رىتىنى" دىگەن مەنىدە كەلسە، 2 - مىسرادىكى "داڭقىنى" — ئىسرىق سالىدىغان "داڭقان" مەنىسىدە كەلگەن.

قوش تەجنىسنىڭ مىسالى:

مۇھەببەت تويىغا سەۋزە تېنىمنى سەن قەلەم قىلدىڭ،
ساداقەت شەجىرىگە قاش - كىرپىكىڭنى سەن قەلەم قىلدىڭ.
لىۋىڭدە مەس قىلىپ جەڭگە ئۈمەتكىڭنى ئەلەم قىلدىڭ،
قىلىپ بەنت ئىشقى زىنداننىڭ ئارا ئاخىر ئەلەم قىلدىڭ.

بۇنىڭدا 1 - مىسرادىكى "قەلەم" سۆزى "توغراش"، 2 - مىسرادىكى "قەلەم" سۆزى ئادەتتىكى قەلەم مەنىسىدە، 3 - مىسرادىكى "ئەلەم" سۆزى "بايراق"، 4 - مىسرادىكى "ئەلەم" سۆزى "دەرت" مەنىسىدە.

«روبائىيات»تا سۆز ئويۇنلىرىنىڭ باشقا خىللىرى بار، بۇنىڭدا مەلۇم سۆزدىكى ھەرپلەرنى باش - ئايىغىدا يەڭگۈشلەش ياكى مەلۇم سۆزدىن بىرەر ھەرپنى ئېلىۋەت - كەندە بىر خىل، قوشقاندا بىر خىل مەنا ئاڭلىتىدىغان تې - پىشماق ياكى مۇئەممما (چىمىستان) خاراكتېرلىك شېئرىيەت سەنئىتى نامايەن قىلىنغان.

شائىر يەنە بىر قىسىم رۇبائىلارنى يەككە ۋە بەزد- سىنى قوش تەجنىس (شەكىلداش سوز) بىلەن يازغان. تەجنىس — يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، مەنىسى باشقا بولغان سوز بولۇپ، بۇ خىل سوزلەردىن پايدىلىنىپ شېئىردا سوز ئويۇنى ياساش ۋە ماھارەت نامايىش قىلىش — كلاسسىك ئەدەبىياتتا بىر خىل ئەنئەنە. شۇنىداق شېئىردىن بىر مىسال:

ئالا بولغان ئالا بولغاندىن ئارتۇق،
كومۇلگەن تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن ئارتۇق.

مەزكۇر "مەسنەۋى"نىڭ 1-مىسراسىدىكى ئىككى "ئالا" سوزى بىر خىل يېزىلغان، بىر خىل ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەربىرىنىڭ مەنىسى بولەك: بىرىنچىسى "ئالا" بولغان (يا ئاق، يا قارا ئەمەس)، ئىككىنچىسى بەرەس بولغان (پىسى) مەنىسىدە كەلتۈرۈلگەن. شائىر بۇ شېئىردا ئادەم بىر ئىشتا ئالا (يا ئوغرى ئەمەس، يا توغرى ئەمەس) بولغاندىن پىسى بولغان ياخشىراق، بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا بى ھاجەت ئۈچۈن تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن، ئولۇپ كومۇل- گەن تۈزۈك دەيدۇ.

«رۇبائىيات» نىڭ ئاپتورى بەزى رۇبائىيسىنى يەككە، بەزىسىنى قوش تەجنىس (شەكىلداش سوز) بىلەن يازغان. يەككە تەجنىسنىڭ مىسالى:

## 4

## ئوتكۈر يۇمۇرىستنىڭ كۈلكە

دۇنيادا ھېچنىمىدىن قورقمىغان ئادەم زاڭلىق كۈلكىدىن قورقىدۇ دېيىشىدۇ. زۇلمەتلىك دەۋرلەرنى 10 يىل تەللاپ، ئۇنىڭ چاقىلىرىنى 100 شېئىر بىلەن پاش قىلغاندىن، بىزنىڭ ئاپتورىمىزدەك ئاساسىي مايماق يېرىگە قاراپ، خەلق بىللە كۈلگۈدەك بىر كۈلۈپ قويۇش كۇپايە. ئۇ، بۇ رۇبائىيدا شۇنداق كۈلكىنى كۈلىدۇ:

چەرخىنىڭ دەردى تولا ئاۋارىسىدىن ئورگىلەي!
خار ئېتەرگە بىگۇنانى، چارىسىدىن ئورگىلەي!
پىششاۋارىم دەپ ئۇنى كوكسۇم قاناتسام، بەۋاپا،
مەي قۇيۇپ سۇنغان سۇنۇق جام- كاسەسىدىن ئورگىلەي!

## ئاپتورنىڭ شېئىري تەرجىمىھالى

ئاپتورىمىز شائىر كىشى، شائىرنىڭ تەرجىمىھالى مېنىڭچە ئۆز شېئىري پائالىيىتىدۇر. شائىرلار — ئۆز تەرجىمىھال دەپتىرىنى، ئۆزىنىڭ كىملىگىنى ھەر كۈنى ئۆز ئاغزىدىكى نەزمىلىرىدە كوتىرىپ يۈرىدىغان كىشىلەر. شائىرنىڭ شېئىرى — ئۆزى ھەققىدىكى ھوججەت، ئىسپات

"قىپ"نى "پىق" قىلساڭ قوشۇپ باشىغا "رە"،
بال قۇيار نەشتەر، تۇتۇپ تۇرغان ھەرە......
تەسكىرى قىلساڭ ئۇنى باغىڭ خازان،
ئەجدىھا بوپ تەۋرىگەي ھەتتا پىلە.

بۇ رۇبائىينى بىر ئوقۇش بىلەن يازغۇچىنىڭ نېمە دې-گەنلىكىنى چۈشىنىش تەس. بۇنى ئالدىرىماي ئاڭلاپ، بىر ئاز ئىدراك ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاشكارا بولىدۇ.

"قىپ" — ئىككى ھەرپ (ق، پ)، ق باشتا، پ ئايىغىدا، بۇ ھەرپلەرنى يۆتكەپ، "قىپ" نى "پىق" قى-لىپ كۆرەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا "رە" ھەرپىنى قو-شايلى، "پىق"نىڭ بېشىغا "رە" نى قوشساق "رەپىق" بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، — دەيدۇ شائىر، — نەشتەر تۇ-تۇپ تۇرىدىغان ھەرە ھەسەل بېرىدۇ. يەنى "رەقىپ" (دۈشمەن) "رەپىق" (دوست) قا ئايلىنىدۇ، "پىق" نى "قىپ" قىلىپ، بېشىغا "رە" نى قوشساق "رەپىق" "رەقىپ" قا ئۆز-گىرىدۇ-دە، ئاددى پىلە قۇرۇتى ئەجدىھاغا ئايلىنىپ يەنى دوستۇڭ دۈشمەنگە ئۆزگىرىپ بېشىڭغا بالا بولىدۇ.

بۇ، بەزىدە بىر خىل مىڭە ئىشلىتىدىغان سوز ھۈنىرى.

يىپەك بىرىش تۆرۈقلۇق غوزەك ئىچىگە بەنت بولدۇم، يورۇق چاچىمەن دەپ شامدەك كۆيۈپ رىيازەت تارتتىم. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈردى.

ئاپتورنىڭ ئىسمى كىتاپ بېشىدا يېزىقلىق، بىراق، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان كىشى قايسى ئابدۇشۇكۇر؟ دەپ سورايدۇ. بىز ئۇنىڭغا دوپپا كىيدۈرمەي، ھازىر خەلق ئاتاۋاتقان ئېتىنى دەيمىز: داشۈي ئابدۇشۈكۈر.

بۇ، بىزنىڭچە، ئاسادىي نام ئەمەس. ئۇ، تارىخ- نىڭ بەرگەن ئۇنۋانى، ئۇنىڭ پۈتۈن قەلبى خەلق ئۈچۈن شەيدا بولغىنىدەك، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن ھەمرا ئىدى. قىزىق ئىش: ئۇنىڭ ئىسمىغىمۇ داشۈي كېلىپ ئۇلاپەت بولغان. بۇ، نىمە دىگەن بەخت؟ بىر ئادەم- نىڭ ئېتىغا يامان نەرسە ئەمەس، مەكتەپ، مەرىپەت، يەنە كېلىپ ئالى مەكتەپ، ئىلىم-ھىكمەت تەبىئىتى قوشۇ- لۇۋالسا...... بۇنى ئاتايىن شۇنداق قىلىپ قۇراشتۇرغىلىمۇ بولمايدۇ......

تەپەككۇر ئاش-ئوزۇقى، جانانى-يارى،
كىتابى ئۇلپىتى ھەم روزىغارى.
قەلەمنى گەر ئاڭا تۇلپار دىگەندە،
پىكىر جەۋلانىغا قەغەز دىيارى.

ۋە تەرجىمىھالىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى لىرىك شېئىرلىرىدىن ئاختۇرايلى.

بالىلىق ماڭا ئۈستەك سەۋداسى بىلەن كەلمىش،
ياشلىق ماڭا مۇھەببەت بالاسى بىلەن كەلمىش،
شۇنچە، ئۆمۈر سۈيى ھايات غەۋغاسى بىلەن كەلمىش،
ئاھ، قېرىلىق يەنە قايغۇ سوغاسى بىلەن كەلمىش.

شائىرغا ئۆمۈر سۈيى شاۋقۇنسىز كەلمىگەن، ئۆزى دېگەندەك، "ھايات غەۋغاسى بىلەن" كەلگەن، ئۇ نېمە ئۈچۈن، شۇنداق بولغانلىقىنى ئۆزى مۇنداق ئىپادىلىدى:

كويۇپ چوغ ئۈستىدە سەندەل تېنىم دەۋرانىنى ئۆتكەزدىم،
كى، سەييات ئالدىدا بولغاچ ئەسىر دەشتۇ - چۆل كەزدىم...
يېپەك بەرگەچكە بەند بولدۇم قۇرۇتتەك مەن غوزەك ئىچرە،
يېنىپ شامدەك ئادا بولغان گۈزەللىك مەنىسىن سەزدىم.

ئۇ، دەيدۇ: كىندىكىدە ئەسىر بولغان كىيىك بىلەن ئۇۋچى ھەمپىلىشىدۇ. مەندە سەيياتنى قىزىقتۇرىدىغان بىر ئەھۋال بولغاچ، ئۇ، مەن بىلەن ھەمپىلەشتى، ئۇ، ماڭا ئاۋارە بولدى، مەن چۆل، دەشتتە سەرسان بولدۇم، ھۈنىرىم

يات» تا ئېيتقانلىرى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاساس قىلدۇ ۋە ئوقۇپ - بىلىپ ئۆگەنگەنلىرىنى يەكۈنلەيدۇ. ئەگەر شا- ئىر — ئۆزى خەلققە دەۋەت قىلغاندەك، ھاياتتا، خۇسۇ- سەن سىياسى ھاياتتا بىر يۈز بىلەن ياشىغان، بىر تىل بىلەن سۆزلىگەن ئىكەن، ئۇنىڭ سۆزىنى يۈز ھەسسە ئار- تۇق ئېزىز كۆرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق سۆز — ئاب- رويلۇق سۆزدۇر. ئاپتورىمىز ئەينى زاماندا مۇنداق دىگەن ۋە دىگەن گېپىدە تۇرغان:

مۇشەققەت تاغى باشىمدا، بىراق پەريادى ئەتمەسمەن،
كى، "ئىستىغپار" بىلەن ئىشرەت كۆرۈشنى يادى ئەتمەسمەن،
ھاياتىم نامەئى ئاشكار ماڭا ئاردۇر سىرى پىنھان،
ئىچىشكە شەربىتى ئامەت، قىسىپ كۆز جادى ئەتمەسمەن.

ئەمدى ئۇ، مۇنداق دىمەكتە:
ئاشۇ ناكەس ئەپسۇنىنى ئوقۇغان تەتۈر ئۇ كۈن،
نامەلىق ئىقرار بىلەن گۇم بولدى كوپ يىللىق تۈگۈن......
مەن قۇياشقا تەلمۈرۈپ كۈتكەن ئىدىم تاڭ لۇتپىنى،
ئورلىدى باشىمنى ئاسمانچە قىلىپ قەلبىدە كۈن.

شۇنداق: بۈگۈن — ئۇنىڭ بېشى ئاسمانچە بولدى. ئۇنىڭ قەلبىدە كۈن ئورلىدى. ھازىر مۇشۇنداق سايرىغىلى تۇردى:

نەۋ باھار بولدى ئېچىلدى بۇ ۋەتەن — بۇ گۈل يەنە،
سايرىماقتا گۈل ئۈچۈن شەيدا بولۇپ بۇلبۇل يەنە.

ئابدۇشۇكۇر — گويا ئىنسىنىڭ قوسىقىدىن "ئىگە" ئورنىغا "ئىلىم" دەپ تۇغۇلدى. ئۇ، ئىلىم بوشۇگىدە چوڭ بولدى، ئىلىم سۇيىدە ئاقتى، ئىلىم ئوتىدا كويدى، ئىلىم دوستلىرىنىڭ ھورمىتىگە ئىگە بولدى، ئىلىم دۇشمەنلىرىنىڭ جازاسىغا يولۇقتى، ئۇ، دىپارىمىزدىكى زىيالىلارغا تىرموميتىر بولۇپ قالدىكى، قايسىبىر دەۋرنىڭ ئىلمۇ-ئىرپان بىلەن خۇشى يوقكەن، ئۇنىڭ بىلەن خۇشى يوق بولدى؛ قايسىبىر دەۋر ئىلمۇ-ئىرپانغا ئەھمىيەت بىرىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەردى، ئۇنى قەدىرلىدى.

زامانىمىز ئىلمۇ-پەننى، ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدىغان بولغاچ، ئىلىم ئاشىقى ئابدۇشۇكۇر قەدىرلەندى: ئۇنىڭغا پروفېسسور دەپ ئىلمىي نام بىرىلدى.

قەدىرلەپ مەي كوتەرگىن كورگىنىڭدە ئەھلى پىرقەتنى!
جۇدۇن بولدۇرلىرى تاققان ئۇنىڭ بوينىغا زۇمرەتنى.
تىپىش تەس باغى پىردەۋسى بىلەن شەھرى پەرىزاتتىن،
بوران ئۇچقۇنلىرىدىن ھوسنى تاپقان مۇنچە زىننەتنى.

بۇ رۇبائى — ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەرجىمىھالىدۇر. ئۇ، بۇ يەردە ئۇز ئوبرازىنى توغرا سىزغان: "بوران ئۇچقۇنلىرىدىن ھوسنى تاپقان" كىشى كەم-كۇتىسىز ئۇنىڭ ئوزى.

ئابدۇشۇكۇرنىڭ تەرجىمىھالىدىكى ئالاھىدىلىكتىن بىرى سوزى بىلەن ھەركىتىنىڭ بىرلىكىدۇر. ئۇنىڭ «رۇبائى-

# 1

# ئاروز ۋەزنىنىڭ بەھرى رەمەل شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار

قىلدى جىلۋە، بىزىدى تاڭ نۇرلىرى باغ ھۆسنىنى...
قايتىدىن كىردى ساداغا پەنجىگا مەرغۇل يەنە.

خاتىمە شۇلكى: بىر ئەلنىڭ روناق تېپىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل — ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىق ئادەملىرىنى سېزىش ۋە قەدىرلەشنى بىلەلىشىدىن ئىبارەت.

نۇرمەھەممەت ئىركى

1981 - يىل، ئىيۇل، قەشقەر



## 1

مېھمىنىم! بۇ مەينى سۇندۇم سىز ئۇچۇن مەن ئېپتىدا،
زېمىنىمىز ھەم قەلبىمىز قىلغاچقا بىر خىل ئېقتىدا(1).
شۇنچە ھورمەت سىزگە ئىنئام، بۇ شاراپ ساقىمىسىدىن،
باغرىڭىزدا ئېرىگەن مەيدىن كىملۇر قالمىش سادا.

## 2

نەدىن ئالسۇن نەۋباھار زىننەتنى ئۇ گۈل بولمىسا،
كىم يىتەر گۈل قەدرىگە شەرھىچى بۇلبۇل بولمىسا.
ئەشۇ بىر قەرىنىدە(2) سىزگە كەلدى دوچ ھەر خىل رەقىپ،
شۇنچە ياۋنى كىم يېڭەر، قەلبىدە نۇر يول بولمىسا.

[illegible] ئانا يۇرتى باغ ھوشۇسى...
[illegible] ھاۋادا مەنىگە مەرغۇل يەنە

[illegible] شۇلاردىن بىر ئەلنىڭ رۇناق تېپىشىدىكى نۇ-
[illegible] ئىقتىدارلىق ئادەملىرىنى يې-
تىشتۈرۈش [illegible] دىن ئىبارەت.

نۇرمۇھەممەت ئەركى

I

1981-يىل، [illegible]

[illegible]

## 6

بىرپەرى كوردۇم سەھەر شەلپەر ئۆپۈقنىڭ قوينىدا،
سايىدىن زىننەت ياساپ، زۇمرەت ئېقىنىنىڭ بويىدا،
ئاپىرىن ئالەم سىنىڭ زىبالىرىڭ چوغلۇق، بىراق،
سالما چاچى ئەركىلەر قايسى ئېزىزنىڭ بوينىدا ؟

## 7

شۇنچە كۆركەم تاغۇ - دەريا ئۈستىدە قۇتلۇق ھاۋا،
گۈل - گۈلۈستان، باغۇ - بوستان قوينىدا قايناق ناۋا.
بۇ ھاياتنىڭ رەڭگىمە مەردانىلەر زىننەت بىرەر...
بەختۇ - شەۋكەت تىز يۈكۈر دىللاردا يانسا ئوت - لاۋا.

## 8

مۇنتەزىرمەن قۇي ماڭا، رۇخسار شارابى ساقىيا!
جامى ئەينەكتە كورۇنسۇن شۇ گۈزەل شىرىن قىيا...
بىركۆرۈش بىرلە دىلىمنى قىلدى مەپتۇن جادوكوز...
بەرمىدى تۈن ئۇيقۇسى ئۇ قىچقىردەپ بولبۇلگويا.(5)

### 3

مەن گۈزەللىك ئاختۇرۇپ، رەسسام كەبى ئالەم ئارا،
ھەممە شېرىنلىقنى ئىزلەپ، كېپىنەك بولدۇم يانا......
تەلپۈنۈپ كۈيلەشكە شاتلىقنى بولۇپ شائىر گويا،
ئاقىۋەت بىلدىم بۇلار - ئۆتكۈنچى، نىسپى، بىۋاپا.

### 4

رەڭگىنى كۆزئەينەكنى قىلدىم، ئىچىپ مەيخورھاۋا،
چايقىلىپ تۇرغان قەدەھتىن ئاختۇرۇپ بىر مەھلىقا.(3)
غەرق ئىدىم زېھنىم ئارا.. كۆزۈمدە پەرھات ئەينىگى،
مەيدە كۆردۈم ئەنە شىرىن! كەلمەسدى ئەمما سادا.

### 5

بولمىسا قەلبىمدە شام، تۈندە قالۇرسەن بىزىيا،(4)
يانمىسا باغرىمدا بىر ئوت، نەزمى بولمايدۇ سىيا......
ئەلنى سەن كۈيلەپ، سېنى ئەل كۈيلىسە تولمەس ئىشىڭ،
بەرق ئۇرار ھەسسەن - ھۈسنۈن گويا بولۇپ ئاسماندا يا.

## 12

ئىنتىزارمەن قۇي ماڭا، لەۋجامىدىن مەي ساقىيا!
ئوت بولۇپ كويگەن يۈرەككە شەربىتى لەۋدۇر شىپا.
بىرقەدەھ ئىچمەك بىلەن بولسام جۇنۇن[8] بىلمەك گۇنا،
نەئىلاج؟ تۈن ئۇيقىدىن كەچكىن دىسە، بۇلبۇلگويا.

## 13

ئەرك ئۈچۈن جاندىن جۇدا بولماق شەرەپكە ئىپتىدا،
لەننەتى كۈندۈر ياشاش بولماي خالايىققا پىدا؛
ئۆز ئۆيىنىڭ راھىتى ئالدارمۇ مەرتىنىڭ قەلبىنى،
تېخى غۇربەت زەنجىرى تۇرسا غېرىپلار بوينىدا.

## 14

خۇن پۈرۈش[9] بولدۇم ھامان، ئەي خۇنپەرەس جانان ساڭا،
مەي پۈرۈش[10] بولدۇڭ ھامان، بۇمەي پەرەس بولغان ماڭا.
گۈل يۈزۈڭ خۇشتارلىغى، خۇنسىزغازاڭ بولدى يۈزۈم،
قىلدىمۇ بەخشەندە ئالەم بىھىساپ ئەيغان ماڭا؟

## 9

گۈل ئەمەس، گەربەرگىدە جۇش ئۇرمىسا خۇش بۇي ھاۋا،
يوق ئىكەن بۇلبۇل ئەمەس، گەرلەۋزىدە كەيپى ناۋا.
باتۇر ئەرمەس تەقدىرى، گەركەلمىسە مۇشكۇلگە دۇچ،
بولمىسا ئاي ۋە قۇياش، گۇمبەز بىلەن پەرقسىزساما.(6)

## 10

ئەگىدىم مېھرىڭ شىخىنى زوق بىلەن تاڭ ۋاقتىدا،
تەلپۈنۈپ باقتىم چىچەككە خۇددى كۆتكەندەك نىدا.(7)
مايسىلار ئۈستىدە قاپتۇ تۈنكى سوھبەتتىن ماكان،
ئاقتى مەڭزىمگە يېشىم، سىماپ بولۇپ كوزدىن جۇدا.

## 11

قىسمىتى قامۇس ھاياتىنىڭ ھەر بېتى راھەت ماڭا:
مەيلى قايغۇ، مەيلى شاتلىق كەلگىنى ـ ئامەت ماڭا.
بولسا گەر قەلبىمگە ھىكمەت قىلغۇلۇق جۇتنى باھار،
بولمىسا قەلبىدە ھىكمەت، ئامىتىم ئاپەت ماڭا.

## 18

تىغ تۇتۇپ سەن ئۇۋغا چىقما، زۇلپىخارىڭ(14) بولمىسا،
قەستىكار سەيلىگە بارما، گەر تۇمارىڭ بولمىسا...
تۇت قولۇڭدا شەربىتى تولغان قەدەھنى ئەتىۋا،
مەيلى توك يەرگە ئىچىشكە دىلخۇمارىڭ بولمىسا.

## 19

ھورى-غولمانلار كېلىپ، بولدى ئۇيۇم جەننەت گويا،
ئۇندا بار لوقمان، سۇلايمان، بىلقىس ھەم بۇلبۇل گويا①
ھىكمىتى — دەناغا ئۇستاز، ھوسنى — رەنا ئۇلگىسى،
بۇئېزىزلەرگە دىلىمدىن شەربىتى قۇتلۇق گىيا.

## 20

بىر قەدەھ شەربەتنى تۇتتۇم ئىككى لەبىنىڭ جامىغا،
تەك كۆلۈپ قىلدى تەبەسسۇم، ساقىنىڭ ئىنئامىغا.
خۇش نەزەر سالسام بېغىمغا ھەممەگۈللەر مەئىندار،
ئىچمىگەن لەۋلەرمۇ تولدى سويگۈنىڭ ئىلھامىغا.

**15**

گوھەرۇ زۇمرەت ۋەياقۇت جەم بولۇپ بىرقۇتىدا،
نۇرچىچىپ تۇرغان كەبى ئالماس پارىلداپ ئورتىدا...
جەم بولۇپ مەي ئىچمىگى دەنا ۋە رەنانىڭ ھوزۇر...
تۇرسادىل رىشتى نەھاجەت تاڭغىلى زەر پوتىدا.(11)

**16**

ئالىملار شاخىدا كوردۇم مەن سېنى ئاي ئورنىدا،
ئايدا يوق مۇنچە چىراي، شىرىن سۇخەن(12) شاتۇتىدا.
كىپىنەك ئاشىقلىغى، سىنچە ئەمەس گۇل ھوسنىگە،
زەۋقىمىدۇر ئورتەنمىگى پەرۋانىنىڭ ئىشىق ئوتىدا؟

**17**

مىلڭ تەشەككۇر، مەي قۇيۇپ سۇنغان ئىززىز ساقى ساڭا،
ئىشقىدىن مەندەك شېخى سۇنغان ئىززىز ساقى ساڭا.
رۇھىيەتتە قىلمىدى لوقمانمۇ ساقىچە پىكىر...
تۇرپە(13) جام - ئەسلى يۇرەك سۇنغان ئىززىز ساقى ساڭا.

## 24

سۈرىتىڭىز بولسا مەبۇت(16)، مەن بولاي بىر شەيخ ئاتا.
ئىتىكاپتا(17) ئولتۇرۇپ سىزگە ئىگىلگەندۇ ساما..
چېھرىڭىز نۇرانە دەريا، چېچىڭىز زەرباپ، قاما.
ھوسنىڭىزنىڭ شۇئلىسىدىن كوزلىرىم بولدى خۇما.

## 25

ئىستىقامەت ئەيلىمەككە جامى دەس تۇتتۇم مانا،
غەملىرىم سۈتتەك دىلىمگە بولدى بىر غەشلىك گويا.
مەن ساۋاپلىق ئىزلىبان مەيلەر كوتەردىم تولدۇرۇپ،
قايغۇدىن بولماق خالاس شول دەم ساۋاپلىقتۇر ماڭا.

## 26

دىلبىرىم ئاھۇ كوزۇڭ قىلدى تەبەسسۇم بىر قىيا،
بولدى قەقنۇستەك ئاۋازىڭ خەستە كوڭلۇمگە شىپا.
يۇزلىرىڭ باغۇ ئىرەم②، كوز بىرلە قاشىڭ ئوق ۋە يا،
خۇش ئىپار چاچىڭ مېنى قىلدى جۇنۇنى مەھلىيا.

## 21

قولىڭىزدا سايرىغان گوھەر غىجەك بۇلبۇل گويا،
ناخشىڭىز ماھىر تىۋىپ، دىل رەنجىگە بەرگەي شىپا...
كۆلكىڭىز بولسا ئادالەتنىڭ زەپەر قۇچقان تىڭى،
سوزىڭىزدە يادلىنار ئالەمدە ئوتكەن ئەۋلىيا...

## 22

ئەپتىخار قىلدىم كورۇپ ئۇستازنى مەي داستىخاندا،
خۇددى كورگەندەك قۇياشنى تاڭ سەھەر ئاسماندا...
مەينى ھورمەتتىن تۇتۇپ كوردۇم قۇياش رەڭگى بىلەن،
مەندىكى رەڭگى خىجىللىق ئەكسىنى مەي جامىدا.

## 23

قارچۇغا كوزلۇك دېسەم، كوزۇڭ ئۈنىڭدىنمۇ قارا،
بىر كورۇپ مەستانىلىقتا بولدى باشىم مۇپتالا.
مەن كوتەردىم بۇ قەدەھنى سويگۇنىڭ سىماسى[15] دەپ،
ئىچ! باھاسىز مەھىنىم، گەر كەلسىمۇ مىڭ بىر بالا.

## 30

مەيلى يامغۇر، جۇت ـ شىۋىرغان، مەيلى قار بولسۇن ھاۋا،
قىشتا گۈلخان، يازدا پوتتان دىلدا كەيپى شوخ ناۋا...
قىسمىتى ئادەمگە ھەر خىل، ئەقلىمى مىڭ بىر سامان،
ئەۋج ئېتەر قەلبىمدە قەلبىڭ تەھتىدىن كەلگەن سادا.

## 31

ئەي پەرى يۈزلۈك! ئەقلىنىڭ تەگبىزگىنى بۇزدىلا،
خۇددى چولپاندەك ساما پۈلتۈزىدىن ئۈزدىلا،
تاڭ بىلەن كۈلگەن چىچەكتەك گۈل رەنا دەستىسىن،
يا، بىلىپ ـ بىلمەي پېقىرنىڭ ئىلكىگە تۇتقۇزدىلا.

## 32

"قادىر ئاللا" ئوت ئەمەس، تۇپراقتا تەن قىلسا بىنا،
خۇددى ئوت كەتكەن بىنادەك، مەن پىراقتا مۇپتالا.
گەرچە سۇ ئوتنى ئۇچۇرسە، كوزدە ياشىم ياغ پەقەت...
كوز يېشىم ئوت ئۈستىگە ئوتنى قوشۇپ بولدى بالا...

## 27

ئالما رەڭگىم زەپىران بولدى پىراق ئاپتاۋىدا،
گۈل سۈمەن قەددىم پۈكۈلدى ئىشتىياق گىرداۋىدا.
مەن سېنىڭ قويىنۇڭنى قىلسام باغۇ-جەننەتتەك ماكان،
كۆيدۈرۈپ قىلدىڭ مېنى كۈل، ئوت تونۇرنىڭ تاۋىدا.

## 28

تۇتى قەددىڭ تەلپۈنۈپ نۇرغاچ يېنىمدا دائىما،
رام قىلىپ ئالدىڭ دىلىمنى، ماگنىت تاشتەك گويا.
نازۇ-كۈلكەڭدە سېنىڭ يۈزىڭ ئوماقلىق سۈلكىتى…
گۈل يۈزۈڭ بەختىم مېنىڭ باقسا يۈزۈمگە بىر قىيا.

## 29

ياپرىقىڭ يالقۇنمۇ يا، ئەتلەس ساڭا يالقۇن گويا،
كېپىنەك تونىنى كىيىپ، بولدۇم بۇ ئوتقا ئاشنا،
كىرپىكىڭنىڭ ئوقلىرىدىن كىرپىدەك بولسا تېنىم،
بولمۇدۇڭ لەب ساقىسى، مەغرۇر قاقاقلاپ بىۋاپا.

## 36

چەرخى تۈگمەندەك تېنىمگە سوقسىمۇ مىڭ بىر بالا،
تۈرسىمۇ تاش ئۈستىدە تاش پىرە ئويناپ شۇنچىلا...
نۇ بىلەن چۈشكەن بېلىقنىڭ زارىدىن باغرىم يارا،
قىلدى كىم دەيمەن يانا، قايناغا سىزنى مۇپتالا؟

## 37

تىلغا ئالدىم نامىڭىزنى سۇمرۇ قۇش سىماسىدا،
تاپمىدىم ئۇندىن گۈزەلرەك نامنى سۆز دەرگاسىدا.
يامىشىپ باققان بىلەن ئەژدار چىنارغا ئاقىۋەت،
كۆلدى غالىپ سۇمرۇ قۇش شۇم ئەژدىھا گۇمراسىدا.

## 38

نەزمىڭىز مەزمۇنى دەريا، تەسۋىرى كۆركەم يانا،
زەر قەلەمنىڭ ئات ئىزى باسقاچ يىراق يول شۇنچىلا.
بال ـ ھەسەلنىڭ تەمى شېرىن، خۇشبۇيى يەشكەي خۇمار،
ھەرىڭىز ئىلھام ئېلىپ يۈرگەچ گۈزەل گۈلشەن ئارا...

## 33

بىر پەرى كوردۇم قىيالىق شاقىراتما قاشىدا،
نەقىش ئەتكەندەك ئۇنىڭ جىسمىنى ياقۇت تاشىدا،
يۈزلىرى باغۇ ئىرەمدە ئەشۇ "ئولمەس ئالمىسى"③،
بىر كورۈپ پەيدا قىلۇر شەيتاننى ھەركىم باشىدا.

## 34

گۈلپەرى ناز بىرلە ئەقلىم تەگچىزگىنى بۇزدىلا،
قاشلىرىنىڭ ياسىنى مىسكىنگە بەتلەپ سوزدىلا؛
ئوق تېگىپ ئاققان قىزىل قانىمنى سۇنسام رومكىدا،
رومكىنى ھەقسىز قولۇمغا قايتىدىن تۇتقۇزدىلا.

## 35

كەلدى قاپساپ قاپ-قارا، قات-قات بۇلۇت ئاسمان ئارا،
يالتىرار مىس نەيزىلەر قاپتال بىلەن ئايۋان ئارا.
ئىخ، جاھاننىڭ قىسمىتى... يازغايكى تارىخ ھەيئىتى:
ياغمىدى يامغۇر بىراق ئالەم يۇيۇندى قان ئارا.

42

جىگدە چاچتى چېچىگەدىن خۇش ئىپار بىھوش قىلىپ،
سەنمۇ تاقىتىڭ چاچلىرىڭغا لىنتەنى قىزغۇچ قىلىپ...
ئېتەگىڭ توزدىنىمو ئۇز(19)، بوينۇڭنى تۇتى قۇش قىلىپ،
ئۇتكىنىڭدە تار كوچامدىن يوقلاپ ئۇتكىن خوش قىلىپ.

43

ئاي يۈزۈڭ مەي تەپتىدە گويا قىزىل لالە بولۇپ،
زەر سۇخەن زىبا لىۋىڭ شەربەتكە پىيالە بولۇپ،
قاينىسا سۇلكەت بىلەن ھوسنىڭدە شاتلىق، زەۋقى كەيپ؛
چۇشىدۇ كوكسۇمگە توزدەك، قامىتىڭ سايە بولۇپ.

44

سەن خىيال ئاسمانىغا چىقتىڭ گويا ئايدەك تولۇپ.
مەرھابا!(20) دەپ مەي قۇيۇپ دىل جامىغا لىق تولدۇرۇپ.
سويگۇنىڭ مەسخۇشۇغى ئىزلەپ سىنى چىقسام بۇگۇن،
ئىزلىرىڭدا ئۇچرىدى رەيھان گۇلى غۇنچەك بولۇپ.

## 39

ئۈچ ۋىسال داستىخانىدا، مەينى خوشال ھالەت بىلىپ،
تۇرمىغاي جان تەندە، مەي جامدا ھامان ئادەت بىلىپ.
گۈل قەدەھ قالىغاي قۇرۇپ، سەرۋى بەدەن سۇنغاي سولۇپ،
قەدىرلە نىسپى جاھاندا، ۋەسلىنى ئامەت بىلىپ!

## 40

سەن تەكەببۇر ئەيلىمە ئەقلىنى پاراسەت ئايى دەپ،
لەۋھەلەر ئاسما بويۇڭغا، نەزىسلەر دەرگاھى دەپ.
قانۇنى ئالەمنى سەن پىكرىڭگە بەيئەت(18) قىل دېمەك،
مەسخىرە ئەيلەر جاھان، بىر تۇپ قوناقنىڭ پايى دەپ.

## 41

تۇرمىغاي بوستاندا چىم يوللار ھامان سىزنى كۈتۈپ،
چەرخى دەۋران بەزم ئېتەر باغ ئۈستىگە قارلار توكۈپ.
كىم سانالايدۇ زىمىن تەھتىدە ياتقان تاج لىنى،
ئەنە تۇرماقتا مۇنارلار بويىمچە قۇمدا چوكۈپ.

## 48

تاشلىدى كورکەم تەبىئەت شۇ كېچە يۈزدىن نىقاپ،
تولغان ئاي كۆزگى پىراقتا نۇر چاچار بىزگە قاراپ...
مەنمۇ مىندىم خوشناۋا ئوت سىزىگۈنىڭ تۇلپارىغا،
لەۋلىرىدىن يارنىڭ ئىچكەچكە گۈل رەڭلىك شاراپ.

## 49

بىر پەرى چىقتى كورۇككىم باغچىدىن سەيلان قىلىپ،
كالپۇكۈمنى چىشلىدىم دىلدا ھەۋەس جەۋلان قىلىپ،
كەينىگە باقسام ئىپار بۇي چاچرىتىپ خۇشتار ئېتىپ،
توختىماي ئويىنار ئۇنىڭ ئەژدار چېچى لەرزان قىلىپ.

## 50

شۇم خەۋەر يۇمران تېنىمنى ئورتىدى چاقماق بولۇپ،
باتمىدىم تۈنلەر بويى كويگەن يىلاندەك تولغۇنۇپ...
سەھنىدە تۇتى ئىدى، سەنئەتتە چولپان پارلىغان،
ياش چېچەكنى ئىخ ئەجەل، قىلدى غازاڭ بىۋاخ يۇلۇپ.

## 45

مەن — قاراڭغۇ تۈن ئىچىدىن پارلىدىم چولپان بولۇپ،
چاغنىدىم گويا كى كۈندەك زەرسىمان نۇرغا تولۇپ؛
سۈبھىدىن گۈگۈمگىچە بىلدىم جاھاننىڭ مەنىسىن،
ئۇ: كوپۈك، بۇزغۇن ۋە شوئلا، نۇر، چىچەك تۇرغان سولۇپ.

## 46

ئاق بېلىق ئۈيناپ يۈرۈپسىز، كوچىنى دەريا بىلىپ،
ھەممە خەقنىڭ كوزى سىزدە، بىر ئەجەپ دۇنيا بىلىپ...
سۇغا غەرق بولمايمۇ كوردۇك، ھوسنىڭىزنى شوخ بېلىق،
ياندا ئۆتمەك بىزنى خۇددى سۇدىكى گىيا بىلىپ...

## 47

قولغا ئالدىم رۇمكىنى گۈلنارىڭىزگە ئوخشۇتۇپ،
مەيگە باقتىم لالىدەك رۇخسارىڭىزگە ئوخشۇتۇپ،
گەر تەۋەررۇك بولسا مەي داستىخاندا گۈل ھوسنىڭىز،
ئايغا باقماق ئادىتىم دىدارىڭىزگە ئوخشۇتۇپ.

## 54

غۇنچە مەڭزىڭگە تۆكۈلسەم سۈبھىدە شەبنەم بولۇپ،
گۈل يۈزۈڭ چاشقىدا ئاچساڭ تىخىمۇ كۆركەم بولۇپ،
شامدا مەن بۇلبۇل بولۇپ، شاخىڭدا خەندان ئەيلىسەم،
تۈن بىسىپ تاڭ لۈتپىنى كۈتسەككى بىز ھەمدەم بولۇپ.

## 55

سەن شاراپ قۇيدۇڭ شۇ كۈن قولۇڭغا پىيالە ئېلىپ،
گۈل ئېچىپ باقتىڭ ماڭا ھۆسنۈڭنى سەن لالە قىلىپ.
نەچچە كۈن پىكرو-خىيالدىن قايتمىدىم ھالىمغا مەن،
تۈنلىرى كىردىڭ چۈشۈمگە بىر گۈزەل سايە سېلىپ.

## 56

كۆرمۈدۈم، . كۆرمەكچىمەن، يار ئۆتسە بۇندىن يول ئېلىپ،
ئالدىغا چىقماقچىمەن جان رىشتىدىن ساز چېلىپ،
قاپقارا چاچى ئۇنىڭ يەلپۈپ بىھۇش قىلغاي مېنى،
كۆزلىرى ھەتتا ئوغرىلار دىلنى، باغرىمنى يېرىپ.

## 51

يىغلىۋال سىڭلىم! كوزۈڭ ياشىدا يامغۇر ياغدۇرۇپ،
كوز يېشىڭ چۈشكەن زېمىن بولغاي چىمەن...تاڭ قالدۇرۇپ...
قونغىنىدا نالىلىق سازىڭغا شاتلىق بۇلبۇلى،
مەي ئىچەرمىز ئۆلتۈرۈپ، نەزمى ئارا مەي ياندۇرۇپ.

## 52

بىر نىگار كوردۇم زېمىننى چېچى سۈپۈرەر يەلپۈنۈپ،
چاڭقىغان تۇپراقمۇ قاندى، خۇش ئىپارغا پۈركۈنۈپ...
بىر مىنۇت داڭگال بولۇشنى خالىدىم پۇت ئاستىدا،
ئۇرسا كوكسىنى قەپەزگە تۇتى قۇشمۇ تەلپۈنۈپ..

## 53

چوغ گۈلۈڭ گۈلزارىنى، مەن سەيلىتىپ بولدۇم كاۋاپ،
ئەتىرگۈلدىن قىس چېچىڭگا. تاڭ سەھەر يولغا قاراپ.
كوكرىگىڭ چوغلۇق گۈلىنىڭ تاكچىسى قىلسام تاۋاپ،
گۈل لىۋىڭدىن ئەي گۈزەل! تامغايمۇ مەس قىلغۇچ شاراپ؟

## 60

چوچىنى كورمەك ئۈچۈن تاقەت قىلالماستىن نەگەر،
باستۇرۇپ قويغان تۇخۇمدىن بىر توشۇك ئاچساڭ خەتەر.
كائىناتتىن تا نەپەس سۈرمەككە ئۆز قانۇنى بار،
مىڭ سويۇنسەڭمۇ يۈزىن بىر خىلدا ئاچمايدۇ قەمەر.

## 61

"مەن قەلەندەر شاھىمەن، ئوردام قەلەندەر خانىدۇر"
ئۇشبۇ ئوردام شەمئىمگە دەۋران پەقەت پەرۋانىدۇر.
قىلسا "ئەزرائىل"⑤ مامات، قالمايدۇ ئەستە شاھمۇ ھەم،
شەئنىمىزگە "جىبرائىل" تىكلەپ مۇنار ئاۋارىدۇر.

## 62

ئايىنى ئىزلەپ كۆككە باقما، ئاي سىنىڭ يانىڭدىدۇر،
گوھەر ئىزلەپ سۇغا كىرمە، گوھىرىڭ دانىڭدىدۇر...
بەزىدە قاخشال گىيادىن سەن تاپۇرسەن چوڭ قۇۋۋەت،
بول پەخەس: ئاغۇ-زەھەر گايىدا قەندانىڭدىدۇر.

## 57

ھېچقاچان گۈمبەزنى كۆك دەپ قۇش ئاڭا قاقماس قانات،
تار قەپەزگە ئۇۋا سالماق ھەرقاچان بولمىغاي يات.
بۇت بىلەن سۈرەت جاھاندا بولسىمۇ غايەت گۈزەل،
ۋەسلى چۈن ئورتەنسىمۇ دىل كۈتمىگەي ئۇندىن نىجات.

## 58

ئاي يۈزىدىن ئىزلىمە نۇر، ئاي يۈزىدە بىر بولۇت...
بەرمە دىل گۈل رەڭ سەنەمگە، قەلبى يوق ئۇ، جىسمى بۇت.
ئۈلپىتىڭ رەنا ئىمكەن، جايىڭ دىمەك باغۇ-ئىرەم،
سوھبىتىڭ دانا بىلەن — تەختىڭ سېنىڭ مىراجى قۇت. (21)

## 59

قىلما نابۇت تال ياغاچنى، نۇھنى④ قۇتقازغان ياغاچ،
ئوتقا سالما سەرۋىنى سازىڭغا مۇڭ سالغان ياغاچ.
يوق ياغاچتەك خار، ئىزىز ھەم دوتىۋەر كەمتەر، سۈپەت،
باغ-بىنا، خەت — مەرىپەتكە تۇنجى يول ئالغان ياغاچ.

## 66

تىل بىلەن زەخمەيلىگەن دىل، بىداۋادۇر بىر ئۇمۇر،
بەربىر داڭگال تۇرۇر تارىخ ئۇچۇن ئاقساق تومۇر.
قاپقارا رەڭلىك گوھەرنى چاغلىما سەن قەدرىسىز،
كور، كارامەت گۈل - گۈلۈستان كورسىتەر قىشتا كومۇر.

## 67

سۇمرۇقۇك باشىڭدا بولساڭمۇ قاناتلىق شېىر ئۇچار،
ئۇشبۇ پىرقەت دەشتى قىلماس كىمنى ھەركويىغا دۇچار؟
گەرچە زەر تاج ساھىبى بولساڭمۇ ئالەمدە ئېزىز،
يەتسە مۇھتاجلىق ساڭا بولماق ئاسان بىردەمدە خار.

## 68

بىرپەرى كوردۇم ئۇنىڭ ھەر بارمىغى دەرمان قىلۇر،
ئوت كوزى كورگەن كىشىنى سۆيگۈگە پەرمان قىلۇر،
غۇنچە مەڭزىگە قونۇشنى كىپىنەك ئارمان قىلۇر،
بىلمەدىم گۈل تىرنىغى ئاخىر دىلىمنى قان قىلۇر.

## 63

سۆزلىرىڭدە بىرلەزىز(22) نازۇك تەبەسسۇم ئەكىلەر،
لالىسىدەك مەڭزىڭدە كۈلسەڭ غۇنچە مەۋسۇم ئەكىلەر.
بەختىيار كۆرسە كۆزۈم، گەر كۆرمىسەم پىنھان خىيال—
لەززەتى بىرلەن دىلىم تولغاندا كۆكسۈم ئەكىلەر.

## 64

لايىدا ياتسۇن، تاجدا تۇرسۇن گۆھىرىڭ گۆھەر بولۇر،
پىرقەت، ھىجرەت، بەختۇ - ئامەت دىلبىرىڭ دىلبەر بولۇر.
كېپىنەك پەرۋانە بولماس ئوت ئارا كۆكسىن ئۇرۇپ،
تۇرسىمۇ مەدرىستە باغلاق، كاج خەرىڭ كاج خەر بولۇر.⑥

## 65

زەر شەپەق ئىنئامىدىن رەڭگىمۇ زەر - لالە بولۇر،
ساقى بولسا كۆزلىرىم، مەڭزىمۇ پىيالە بولۇر...
قۇت ئىدى ئەڭ زور ۋىسال ئىلكى ماڭا قۇيسا شاراپ،
شۇ ۋىسالغا يەتمىسەم ئىلھام ماڭا نالە بولۇر.

## 72

هۆسنىڭىز گۈللەرگە شاھ، بەرگى ئۇنىڭ زەر ئۈنچىدۇر،
بۇلبۇلۇڭ شەيدالىغى ھەرقانچە بولسا مەنچىدۇر.
گۈلگە گۈل بەرگى بىلەن قىلدى تىكەننى كىم قوشۇق؟
كور تېنىدە قان دېغى ھىچبىر تىكەنسىز غۇنچىدۇر.

## 73

ئاچىمساڭ گۈلزار يۈزۈڭ، ئالەم ئاڭا مۇھتاج بولۇر،
گەرچە ئاچساڭ نۇر جامال، ھەتتا قۇياش گۈلتاج بولۇر.
ئىزلىسەڭ چىن مەنىسىنى سەن گۈزەللىك، سۆيگۈنىڭ،
قىسمىتى چەرخى پەلەك ھەردەم ساڭا تىلماچ بولۇر.

## 74

زىننەتى قەلبىدە بوقلار، ئۈستىگە زىننەت تاقار،
ئىدرىكى كوزىدە يوقلار، ئۇشبۇ "زىننەت" كە باقار.
ئىلمى-ئىرپان بىرلە ياۋلار پىتنەسى زىننەت ساڭا،
گۈلباھار زىبالىغىڭ، دەنالىغىڭ دەريا ئاقار.

## 69

ۋەسلى يار كوردۇم ئۇنىڭ لەۋزىدە بال تامچىپ تۇرار
كوكرىگىمدە چوغ يۈرەك مەشئەل كەبى يالچىپ تۇرار.
كىپىنەك گۈل ھوسنىگە، ئوت قەلبىگە پەرۋانە گەر،
ئىخنىيار ئەتسە ئاڭا كىرپىك ئوقىن سانچىپ تۇرار.

## 70

جادۇ كوز كۈلدى دىمە كۈلگەندە ئادەم ئولتۇرۇر،
جاننى ئالىپاقتىن مۇقەددەم، سىھنى بىر رەت كۈلدۈرۇر.
بېشىدا سەللايى تاج، ئۈستىدە تەقۋالىق لىباس،
ئىشتىمايى گەر تەقەززا ئەيلىسە، ئايەت ئورۇر.

## 71

بىلمىدىم ساچى ئۇنىڭ سۇمبۇلمىدۇر، سۇمرۇقمىدۇر،
قاشلىرى مىسران قىلىچ، كىرپىكلىرى مىڭ ئوقمىدۇر؟
بىركورۇپ بولسام ئەسىر، قىلدى كاۋاپ ئىپىتقان سوزى
كورسىتىپ چوغ ھوسنىنى، بىر باقىشى تۇترۇقمىدۇر.

## 78

بولمىسا شاخىڭدا بۇلبۇل سەرۋى قامەت مەنىسىز،
گۈلمىسە يېنىڭدا جانان، بەختۇ-ئامەت مەنىسىز.
زېھنۇ-كارىڭنى ئەگەر ئەل بەختىگە بەخش ئەتمىسەڭ،
ئۆز غېمىڭ ئۈستىدە قىلغان ئىستىقامەت(24) مەنىسىز.

## 79

ئى ھۇما!(25) ياشىم كورۇپ، جەۋلان ئېتىپ كەلگەيمۇ سىز،
قۇشى قەقنۇس! نەزمىگە نامىم قېتىپ كەلگەيمۇ سىز.
كوزلىرىمدىن ئۆرغىسا پونتان بولۇپ ئۈنچى زىيا،
زەر خېرىدارى بولۇپ، ئاندىن يېتىپ كەلگەيمۇ سىز؟

## 80

چاقنىسا شەلپەر شەپەقتەك سەھنىدە گۈل ھوسنىڭىز،
مەس بولۇپ يەرگە يىقىلسام ئاغرىماسمۇ كوكسىڭىز؟
خۇددى قەقنۇس كەپتۇ دەپ، بولسام بۇگۈن ھەيران يەنە،
مەھلىيالىق غارىغا ئىرغىتتى نازۇك كۈلكىڭىز.

## 75

دىلبەرىم دىل بەرمىدى، تۇرسام ئاڭا مەن دىلخۇمار،
بىر كۆلۈپ تىل بەرمىدى، تاقىسام ئاڭا مەن تىلتۇمار.
لەبلىرىڭ شاھى جەھلىگە لېۋىمدىن تىغ ئۇرۇپ،
ۋەدە ئالسام قورقىمەن شۇدەم يۈزۈمگە قان تامار.

## 76

باققا كىرسەم گۈل كورۇشكە، گۈلى رەنا ئولتۇرار،
چىھرىسىدە بىر قۇياش، زىھنىدە دەنا ئولتۇرار.
باغدا بۇلبۇل قۇستى قان، نالە قىلىپ گۈل كەيپىدىن،
كوزىدە ھەسرەت يېشى، لەبزىدە مەنا ئولتۇرار.

## 77

بىر قىيا ناز ئىشلىتىپ، قەلبىمگە مەئنا قىلسىڭىز،
زەپىرەڭ بەرگىمنى(23) گۈلرەڭ بىرلە رەنا قىلسىڭىز.
جىلۋە ئەيلەپ بەزىدە كىبرۇ-تەمەننا قىلسىڭىز،
تۇندە مەجنۇن، تاڭ سەھەر ئەقلىمنى دانا قىلسىڭىز.

84

لالىزار تاغ باغرىغا سوغ قەھرىتان قار توكتى پەس،
كەلمىگى تەس كىپىنەكنىڭ گۈل كورۇشكە بىر نەپەس.
ئارچا، قارىغاي خىسلىتى ئاشقاي زىمىستاندىن ئۆتۈپ،
ئېچىلىشقاي نەۋ باھاردا مىڭ چېچەك قوزغاپ ھەۋەس.

85

سۈمرۈغۈم بارما چىۋىنگە، كەيسىمۇ شاھلىق لىباس،
شەپقەتىدىن يار-يۆلەك كۈتمەك ئەمەس ۋىژدانغا خاس.
ئىچمە سۇ "ئۆلمەس بولاق" تىن گەر ئۇنى سورىسا پاقا،
ئۆمرى نوھدەك(26) تەلمۈرۈش مەرتلىك شاراپقا پايلىماس.

86

كەتمىسە سۈمرۈق جاھاندىن لاپ ئۇرالمايتتى خوراز،
قولىسا ژىلۋىز چىۋىن ئۈستىدە باتۇر دەپ قىقاس —
سالمىغى ئادەت جاھان مەغرۇرىنىڭ پەيلىگە خاس...
بىلمىدىم قالغايكى ئاخىر قولىغا كىمنىڭ مىراس.

## 81

سۈپ - سۈزۈك رۇمكا بەئەينى بىغۇبار پاك قەلبىڭىز،
قىپ - قىزىل شەربەت سىماسى بىزگە ئۆتتەك مېھرىڭىز.
بۇ ۋاقىت توپانىدا دوستلۇق ئېزىز نوھتىنىمۇ ھەم،
قەستۇ - بوھتان دولقۇنىدا چوققىدەك تۇرغان ئىڭىز.

## 82

سەھنىدە ئۇينالدى ئىلھام بەخشتەر خۇش سازىڭىز،
بىرئۇماق ئاڭلاندى ھەيھات، ئۇ — ئېزىز ئاۋازىڭىز.
گەرچە سۇمرۇققا قولىنى سۇنسىمۇ ناكەس تالاي،
بىزگە مەلۇمدۇر مۇرەككەپ دەۋرىدە پەرۋازىڭىز.

## 83

چوغ دىلىم ئەينەك، ئۇنىڭدا ئەكسىتەر گۈل ھوسنىڭىز،
بىر ئېپار قاپ، بۇي چېچىپ تۇرغان چىمەنناز قوينىڭىز،
ئىشقىڭىز زىندانىغا گەر بەنت بولۇپ تۇرسام يانا،
كام بىلىپ، تەنگە ئورالدى چاچتا ئەشكەن شوينىڭىز.

## 90

بىر ناۋايى، بىر نىزامى سەن ئەگەر بىلسەڭ تولۇق،
سەددى ئىسكەندەر ۋە "داۋۇت" قورغىنىدىن ھەم ئۇلۇق.⑦
مەرتىپەڭنىڭ، نەزمىنىڭ ھەر ۋارىغى، ھەر قەترىسى،
يەرنى گۈمران قىلغىدەك ئوت بىرلە توپاندىن ئۇلۇق.

## 91

كۆزلىرىڭ سۇلكەت ماكانى، كىرپىگىڭ ئوقيا بىراق،
خۇددى بۇت ئىكرامىدەك ياندى دىلىمدا ئىشتىياق...
قامىتىڭ باغۇ ئىرەم، ئۆمرۈم ئۆتەر تارتىپ پىراق،
ئىخ!—ئەشۇ مۇشپىق(29) تىلىڭدىن بىر قوشۇق يۇتسام تاماق.

## 92

بۇدرە-دولقۇن چاچلىرىڭغا مەن بولاي يەلكەن تاراق،
مەھلىيا قىلسۇن مېنى چىققان چېچىڭدىن خۇشپۇراق،
بەختىياركەن شۇ چېچىڭنىڭ ئاستىغا موككەن قۇلاق،
قانچىلىك شاتلىق بېغىشلار، مەنمۇ موكسەم بىرلا ۋاق؟

## 87

بولدى پىنھان ئەمدى بار، گوگۇمغا غەرق بولدى قۇياش،
زەپىران مەڭزىمگە كوزدىن خۇددى يۇلتۇز ئاقتى ياش.
جەزب(27) ئېتىپ تۇرغان بىلەن سۇمبۇل چېچى بۇخە ستىنى،
بىركورۇندى ئاچمىدى ئىككىنچى دىدار باغرى تاش.

## 88

ئالما رەڭ مەڭزىڭدىكى زىناقلىرىڭ شۇنچە ئۇماق،
لەۋلىرىڭ رەڭگى گىلاس، باقسام چىشىڭ قەنتتىنمۇ ئاق.
گەر مۇھەببەت ھاكىمى قۇرسا شىپاخانە ساڭا،
بار ۋۇجۇدۇمنى ئاتاپ قويسام بولۇشقا بىرقوناق.(28)

## 89

ئارزۇلۇق تويىڭىزغا بارمىساممۇ مەن بىراق،
چومدى قەلبىم سىز بىلەن شاتلىقتا تەڭ چومگەن سىياق.
تۇلپىرىم ئوخچۇپ تۇرار ئوغلاق ئېلىشقا ھەر قاچان،
گەرچە مەن چوڭ بەيگىدىن تۇرساممۇ يۈز يولچە يىراق.

## 96

قىپقىزىل كوينەك كىيىپسەن خۇددى گۈل رەڭگى سىياق،
بىركورۈپ رەڭ شوئلىسىدىن ياندى باغرىمدا چىراق.
بىۋاپالىق تۆرىسىمۇ جادۇ كوزىڭدە ناز بىلەن،
نەئىلاج يەتسە ۋاپاسىزلىق يۈزۈڭگە باشتىراق.

## 97

ياپرىغى كوپتۇر دەرەخنىڭ غۇنچىسى چەكلىك بىراق،
بەزىدە مېھرىگىيا ⑧ دىن هەم شىپا قاخشال قىياق...
قايغۇلۇق دەريادا مەن قاينام بولۇپ ئاقسامۇ گەر،
دوستلۇرۇمنىڭ رايىدىن ئۆتتۈمكى ئارماندىن يىراق.

## 98

ئاقلىغىڭنى ئاي دىسەم، ئايمۇ ئەمەس، رەڭگىڭچە ئاق،
قامىتىڭ گۈللۈك دەرەخ قىش-ياز چاچار ئۇ خۇشپۇراق.
بارمىقىڭ ناز، كىرپىكىڭ سۈلكەت بىلەن تولغان سىنىڭ
تۇن چېچىڭدىن، كۈن يۈزۈڭدىن ئالدى رەڭ-ئالدى بوياق.

## 93

تۇكۇرۇك يانماس ئېغىزغا، قايتىدۇ ئەمما ساداق،(30)
ئىز بېسىپ قوغلار سېنى، قاچساڭمۇ ئاتلىق يا، ياياق.
كەلسە پۇرسەت يۇرمىگىل غاپىل ھەۋەسنىڭ كەينىدە،
قۇت شارابىنى ئىچەردە، ئەھدىبىسىز دەۋرانغا باق.

## 94

ئەترى گۈلدەك ھوسنىڭىزدە خۇددى رەيھاندەك پۇراق،
قاپ ـ قارا نازلىق كوزىڭىز چاچىدۇ ئوت ـ ئىشتىياق،
كورگىنىمدە مەن بىلەلمەسمەن كۆلۈش، يىغلاشنى ھەم،
كورمىسەم قەلبىمدە تىنماي چاقىدۇ چاقماق... بىراق.

## 95

گۈلگە ئوخشاتسام سېنى، كەلمەس ئۇنىڭدىن نۇر بىراق،
ئايغا ئوخشاتسام سېنى، چىقماس ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق.
رىشتىمىز بىر سىنە رىشتى بولسىمۇ، مەنزىل يىراق،
بىر ـ بىرىگە دىل قوناق بولغاچقا گۈلشەن ھەممە ۋاق.

## 102

بىر گۈزەلكى، ئاق يۈزىگە قايتا قانماي باققىدەك،
ئىشقىۋاز تاھىر سۈپەت دەريا ـ دېڭىزدا ئاققىدەك...
يوق سادا ھىچبىر ناۋا، ھىچبىر مۇقام، مەشرەپ ئارا،
كۆلكىسى جانانىدەك — تەشنا كوكۈلگە ياققىدەك.

## 103

سەرۋى قەددىم ـ قامىتىمنى قىلدى خاك چەرخى پەلەك،
باقمىدى زىبا دىلىمگە يەردە يار، كوكتە مەلەك(31)...
ئەھرىمەنىنىڭ(32) پىرى بەرھەم، نەۋ باھار كۆلگەنىدە شات،
كۆلگۈسى كورگەن زىمىستان بۇلبۇلۇڭ ئاندىن بولەك.

## 104

تاغ، مۇنار ئۈستىگە چىقساڭ كورىسەن ئەتراپنى كەڭ،
بىلىسەن كەتكەن دىيار ھوسنىنى زەن قويغاندا ئەڭ.
ئاڭلىماق ئەمما قىيىن ھەر ھوجرىنىڭ پەريادىنى،
ئىس ـ تۈتەكلەر ئۈستىگە شەلپەر بۇلۇت سالغاچقا رەڭ.

## 99

ھىلىگەر توشقان بولۇپتۇ ئىت ئۈچۈن ئاۋقەت ـ ئوزۇق،
ماختىنار مويلۇق لىباستىن قونسا قامخاقتا توزۇق.
كىم ئادالەت قىلمىسا ئاخىرى ئۆزى ناھەق ئۆلەر...
ئەھدىسىز ئالەم، پەقەت تۇپراق ۋە ئەل ئالتۇن قوزۇق.

## 100

ساقىيا تۇتقىن شاراپ تولغان قەدەھنى ئەمدى نەق،
ئەكس ئەتسۇن مەيدە سەرۋى قامىتى، ھۆسنى شەپەق،
لەۋلىرىم تەككەندە مەيگە، ئۇمۇ كەلسۇن لەرزىگە...
قىلمىسۇن جانان لىۋىدىن جامى مەي ھېچقانچە پەرق.

## 101

تۇردۇ قورقۇنچ سىلىپ تەنھا ھەشەمەتلىك تېرەك،
شاخلىرى گويا دىۋە ئەلپازىدىن بېرىپ دېرەك.
يۇزلىگەن شاپتۇل، ئاناردىن ئاشسىمۇ گەر ھەيۋىتى،
ئىچى پور بولغاچ ئوتاندىن ئۆزگىچە بولماس كېرەك.

## 108

سۇمرۇقۇم ئەرشى سامادا ئۇينۇتۇپ سەييارە قىل،
يا-مېنى كوكتىن قىياغا دەس ئېتىپ مىڭ پارە قىل.
مەشۇغۇم مېھرى شارابىڭدىن تىرىلدۇر — دارى قىل،
يا-مېنى بىر جام زەھەردە ئۇلتۇرۇپ سەدپارە قىل.

## 109

يا قەپەز ئىلكىدە بۇلبۇل، يا-تىكەن قوينىدا گۈل،
يا-ۋاپا باغىدا يىغلا، يا-جاپا تاغىدا كۈل!
كوز يېشى توكمەك ئۇمۇرنىڭ زىننىتى بولغاندا ھەم،
بىلمىدىم خالار مۇشەققەت ئىچرە كۈلمەكنى كوڭۈل...

## 110

نۇر چېچىپ تۇرغان قولۇمدا، مەيدە مەس بولغان باكال،
بولمىسا ئىلاھامى مەينىڭ، ئۇ قۇرۇق شىشە-شاكال.
چىقمىسا دوستلۇق خېرىدار، جىسمىمىز بىر باغ پاخال،
بۇ ئەقىدەم شەربىتىن خۇشناز قىلىپ ئىلكىمگە ئال!

## 105

كۈن يۈزۈڭنىڭ تاۋىدىن مەڭزىم قىزىل لالە مېنىڭ،
قەن لىۋىڭ قۇيسا شاراپ، لىۋىمكى پىيالە مېنىڭ.
خۇددى گۈلشەندەك سېنىڭ كوكسۇڭدىكى ياقۇت يۈرەك،
مېھرى - شەپقەت ئەيلىسە، ئۆمرۈمدە نە نالە مېنىڭ؟!

## 106

تال چىۋىقتەك بويلىرىڭدا غۇنچىدەك رەڭدار يۈزۈڭ،
قاپقارا تۇندەك چېچىڭنىڭ قوينىدا ئايدەك ئۈزۈڭ.
يوقمۇ كوكرەك قەپىزىڭدە مىسلى پەرۋانە يۈرەك،
ياكى ئەمادەك پىراق شەمئىنى كورمەمدۇ كوزۈڭ؟

## 107

سۇبھىدە تاڭغا بېقىپ، خۇشبۇي چېچىڭنى تارىساڭ،
قوش قاناتىڭنى قېقىپ، گوياكى بۇلبۇل سايرىساڭ،
شاخلىرى سۇنماي چىدارمۇ بۇ مېنىڭ سەرۋى تېنىم،
گۈل - چېچەكنى تاقىسىلى ئۈشتۈپ شېخىنى قايرىساڭ؟

## 114

نامىڭىز بىرلە كوزۇمگە كەلدى تەڭ مەرھۇم ئاتام،
ئەسلىدىم ئوسمۇر چېغىمنى تولدۇرۇپ چىن ئېھتىرام.
ئۇچتى تورغاي شۇ قەپەزدە سايرىدىم كاككۇك بولۇپ،
زەينىۋىم قوغۇن قېقى، قاندەك ئانار، شىرىن قىيام.

## 115

مىسرىنىم كەستى قولۇمنى، مېنى ئالدى تايغىنىم...
مىڭ قاداق يىڭنە ئۇسۇپ، سانچىلدى تاققان قالقىنىم.
ھوكۇرەپ شىردەك يىقىلدىم، ئۇچمىدى قەلبىم شېمى،
تاڭ ساباسىدا شەپەق پۈركەر جاھانغا يالقىنىم.

## 116

قەھرىماننى ئانا يۇرت تۇققان، بۇنىڭدا يوق گۇمان،
قەھرىمان بەرپا قىلور ئوز يۇرتىنى ساقلار ئامان.
تۇغسا باتۇرنى ۋەتەن، تۇققاي ۋەتەننى قەھرىمان،
بىل ۋەتەن مۇردا ئەمەس— بىجانۇ، بىئەرك، بىزۇۋان.

## 111

لالە - چېھرىڭدىن خۇنۇك، سۇمبۇل چېچىڭ ئالدىدا لال[33].
زوھرەدىن نۇرلۇق كوزۇڭ، قاشىڭنى دورايدۇ ھىلال.[34]
بولسا گەر مەڭزىڭ ئانار، لەبزىڭ سېنىڭ بال ئىچرە بال،
نى ئۇچۇن تاپماس يېشىم، ئالدىڭدا مەن قويغان سۇئال؟

## 112

كىرسە گۈلشەنگە ئۈزۈشكە گۈلنى گۈل رەڭلىك گۈزەل،
ئىنىسىگۈل[35]دىن قالدى ھەيران باغدا قۇش ئەھلى تۈگەل...
قەلبى يوق گۈلگە تەقەززا تۇرسا گۈللەر سۈلىنى،
نە ئۈچۈن بولغاي گۇناھ، مەدھىڭگە كوپ يازسام غەزەل؟

## 113

بىر قىيا باقساڭ گۈلۈم! كوز نۇرى بولغايمۇ ھارام؟
لەۋزىدىن قۇيساڭ شاراپ، مەي غەزنىسى بولغايمۇ كام؟
باش قويۇپ ھوسنىڭگەكوپ يىل تاپمىدىم كوز ياش بىلەن—
زەپىرەڭ مەگزىمنى يۇماقتىن بولەك ھېچبىر ئارام...

## 120

لالەنىڭ خوش نازىدىن ئەقلى ـ ھۇشۇم بولدى جۇنۇن،
مۇترەبىم(38) شوخ سازىدىن ئەنقا قۇشۇم بولدى جۇنۇن،
مەن كىرىپ گۈلشەن ئارا قىلسام ھىكايەت ئىشقىدىن،
تىخى كورمەي گۈل يۈزۈڭنى مۇڭدۇشۇم بولدى جۇنۇن.

## 121

ئەي قەلەم تىزسام سىيا رىشتىمگە سوزلەر گەۋھەرىن،
ۋەسلى باغىغا ئۇچۇرسام، دەشتى ھىجران كەپتەرىن.
بىلمەدىم گەردونى ئالەم(39) ھىجرىدىن بىزار ئەمەس،
زەۋقىمىدۇر تولدۇرمىغى ھەر پەسلى ھىجران دەپتەرىن.

## 122

ئۈزگىلى كىرسەم چىمەنگە، ھوسنىلەر ئانارىدىن،
چوچىدىم بويىنۇڭدىكى مارجان تىزىلغان دار ـ دىن...
قەترە مەي ئىچمەك بولۇپ، سۇنسام لىۋىمنى چەشمىگە،
قورقىمەن ۋەسلىڭنى دەپ كويىمەككە دوزاخ ناردىن(40).

117

شاتلىغىمدا ھەر كۈنى كىرسەم ئەگەر جەننەتكە مەن،
قايغۇدىن دوزاق ئىچىگە بەزىدە پەيۋەندىمەن(36)...
ئىككىسى دەۋران قىلور كۈن-تۈن كەبى ئۆمرۈم ئارا،
بەزى شاھدەك، بەزى قۇلدەك ياشىدىم بىر تەندە مەن.

118

بولمىسا ئىلھامچى جانان، جامدىكى مەي مىسلى قان،
بولمىسا باغرىمدا ئوت، جانانمۇ بىر بۇت ئوخشىغان،
بولمىسا سەۋدا ئىشق، تەمسىز قۇراماتاش بۇ جاھان،
بۇتقا جان، تاشقا گۆھەرلىك بەردى ئۇ-ئىشقى پىنھان.

119

باغنى كۆيلەپ ئالمىدىم بىرئازمۇ گۈلنىڭ بەھرىدىن،
چىقمىدىم يۇلغۇن سۈپەت چول ئوركىشى، ئوت بەھرىدىن.
نەزمىدە قىلماق تەپەككۇر بولدى زېھنىم زىننىتى...
ئىھتىيات قىل دەيدۇ دىل: تىلسىز غەزەپنىڭ نەرىدىن(37).

126

قارىلاپ سۇمۇرۇقنى قاغا، ئۆزىنى زىننەت بىلەن —
بېزىمەك بولدى تالاي ئىبلىس زۇۋان تۇھمەت بىلەن...
قاپ - قارا داغ سۈركىمەك ياقۇتقا چوڭ بىمەنىلىك.
قالمەن سىزگە يەنە قەلبىمدىكى ھۆرمەت بىلەن.

127

ھۆسنى تەختىدە تۇرار، بىر نازىنىن شاھى جاھان،
زۇلپى زەنجىرىدە بەنت، ئالدىدا بىر ساھىپ قىران.
ئىشقىدىن ئوت ياندۇرۇپ تۇرسا ۋاپاسىز قاشلىرى،
كوزىدىن كەۋسەرنى ئىچكەي ئاھۇ يەڭلىغ مېھرىۋان.

128

ساق يېرى يوقتۇر دىلىمنىڭ دىلبىرىمنىڭ دەستىدىن،
ئۆرتىنەر جان، ئوتسە ئويناپ... بۇ گۇزەل چوڭ رەستىدىن،
ئايرىما بىردەممۇ تەڭرىم، لەۋزى قەن پەيۋەستىدىن،
ساقلىغىن ئۆلپەتلىگىدىن بىۋاپا ناكەستىدىن.

## 123

مەن گۈلۈستان ئىچرە كىرسەم سەن ئۇنىڭ گۈلنارى سەن،
مىڭ گۈزەللەر بەيگىسىدە سەن ئۇنىڭ سەردارى سەن
گەر پۈتۈلگەن بولسىمۇ غۇربەت بولۇپ قىسمەت ماڭا،
مىڭ مەئىشەت باغىدىن ئۈستۈن كۆڭۈل گۈلنارى سەن.

## 124

ئۆتتى كۆپ يىل نۇر ئالالماي، ھۆسنىڭىز ئاپتاۋىدىن،
قايتمىدى بىردەم ئەقىدەم سۆيگىڭىز گىرداۋىدىن،
گۈل سۈرۈختەك (41) ئىچمىسەممۇ باغى پىردەۋىس ئابىدىن،
قىزىرىپ يۈلغۇن چىچەك ئاچتىم ھارارەت تاۋىدىن.

## 125

ئەشۇ ناكەس ئەپسۇنىنى ئوقۇغان تەتۈر ئۆكۈن،
نامىلىق ئىقرار بىلەن گۇم بولدى كۆپ يىللىق تۈگۈن...
مەن قۇياشقا تەلمۈرۈپ كۈتكەن ئىدىم تاڭ لۇتپىنى،
ئۆرلىدى باشىمنى ئاسمانچە قىلىپ قەلبىمدە كۈن.

## 132

بىر زامان بولدۇڭ يېنىمدا، سىردىشىم يارىممۇ سەن،
ھەم مەدەتكار، ھەم خۇمارىم ھەمدە گۈلزارىممۇ سەن…
ئارزۇيۇم جامىغا ئاغۇ قۇيۇپ قەست قىلغۇچە،
ئاشكار بولساڭچۇ، باشتا جاللىتىم، دارىممۇ سەن.

## 133

بۇلبۇلۇڭ شەيدا بېغىڭغا، گۈلباھارىم قايدا سەن؟
گۈلرۇخىم (43) — ئەي سەرۋى زىبا، لالىزارىم قايدا سەن؟
سويگۈدىن تاشتى دىلىمدا ئارزۇلار دولقۇنى…
كەتتى ئاھ سەبرىم مېنىڭ، سەبرى قارارىم قايدا سەن؟

## 134

بىر پەرى چىقتى ئىشىكتىن ھۆسنى گۈل پەيزى بىلەن،
كوكرىگىدە ئىككى تەخت، يىگانە شاھ پەرىزى بىلەن.
مەن تەئەججۇپ ئەيلىدىم، بىلمەي مۇھەببەت دولىتىن —
شاھىلار ئاۋارە چولدە تەخت نۇچۇن نەيزى بىلەن.

## 129

قەدرىگە يەتمەك ئۈچۈن قىينال ئۈنىڭ دەردىدە سەن،
بەرقارار تۇر بىر ئۆمۈر، بەخشەيلىگەن ئەھدىدە سەن!
مەيلى كۈلپەت ياكى راھەت قىينىسۇن يا، ئالدىسۇن،
تاغ كېسىپ پەرھاد كەبى ياشنا گۈزەل بەھرىدە سەن.

## 130

شۇم لەھەڭ چايقاپ دېڭىزنى قانچە ئۈپقۈن قوزغىسۇن،
ئەژدىھا ھۆلاپ ساماغا چاڭ سېلىپ يايسۇن جىددۇن،
يەر ۋە كوكنى تولدۇرۇپ ئالەمگە زەر چاچقاي قۇياش،
چۈنكى تارىخ تاڭ باھارى ئالدىدا تۇرغان بۈگۈن.

## 131

زەئىپران رەڭگىم فىزاردى تاڭ شەپەق ئىلھامىدىن،
ئىچتى بۇلبۇل شەربىتى شەبنەمنى گۈلنىڭ جامىدىن.
يۇلتۇزى ساپ-ساپ ئۈزۈمدەك ئاشۇ ئاسمان تەكتىدە(42)،
جۇر ئىتتىگىدىن بەخت تىلە، كۈتمە پەلەك ئىنئامىدىن.

## 138

دىلغا سەن بىر كاتتا ئارام، ھەرقاچان كۆلگەڭ بىلەن،
چۆل چىمەنزار بولدى گويا مېھرىۋان كۆلگەڭ بىلەن...
ئاي يۈزۈڭنىڭ قەلئەسىدە ئىككى قاش جەڭ ئۈستىدە —
تۇرسا ھەم، دەرھال ئىناق نازۇك زۇۋان كۆلگەڭ بىلەن.

## 139

غۇنچىدەك مەڭزىڭ قىزاردى بۇلبۇلۇم خەندانىدىن،
دىل كورۈپ بولدى خالاس، غەم - قايغۇنىڭ زىندانىدىن،
گۈل ۋىسالىڭ تۇرسىمۇ ئالدىمدا نۇر شوئلا چېچىپ،
ئالمىدىم قەنتۇ - گىزەكنى لەۋزىڭىز قەندانىدىن.

## 140

بىر پەرى چۈشتى سامادىن، مېنى قان قىلماق ئۈچۈن،
باغرى كوكسۈمنى قىبشىنىڭ قايچىدا تىلماق ئۈچۈن.
ھوسنىنى مەن تۇتىيا بىلسەم كوزۈمگە ئۇ، بىراق،
قانلىرىدىن لاك - خىنە قىلماق ئىكەن تىرناق ئۈچۈن.

## 135

چاچلىرىنىڭ ئويىنايدۇ كوكسۇگدە سىنىڭ سۇلكەت بىلەن،
كۆلدى غوامانلىقتا بەختىم هور كەبى ئۇلپەت بىلەن.
ئەترى گۈلدەك رۇمكىدا مەي تۇتمىغىم بولدى نىسىپ،
رۇمكىلار مەيلى سويۇشسۇن ۋەزنى چوڭ هورمەت بىلەن.

## 136

لەرزىگە كەلدى دىلىم "شەيىخ سەئدى"نىڭ داستانىدىن،
بىر زامان ئالەمنى خۇشبۇي ئەيلىگەن "بوستانى"دىن. ⑨
كەيىندىن ئىچتىم شاراپ مەن"جامى"نىڭ مەي جامىدىن⑩،
چىقمىدىم يىللارغىچە قوش "خەمسە"نىڭ زەركانىدىن.⑪

## 137

سوز غەزنىنەم كەلدى ئاجىز، قەددىڭىز تەسۋىرىدىن،
گۈلباهارىمغا ئىبرىشتىم مىهرىڭىز تەسىرىدىن...
ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىگە ئاقىل كىشى سۇرتمەيدۇ رەڭ،
ئەڭ گۈزەل نام سىزگە ئىنئام ئەسرىلەر تەھرىرىدىن.

## 144

بىر گۈزەل ئۇتتى كوچامدىن كورسۇتۇپ رۇخسارىسىن،
يەلپۈنۈپ تۇرغان چېچى چەكتى كوڭۇلنىڭ تارىسىن.
قايتا كورمەك ئىستىسەم، ئۇندىن يېقىن پۇرسەت ئارا،
بىر ئومۇر چاغلاڭ،—دىدى دىلبەر،—ۋىسالىنىڭ ئارىسىن.

## 145

مىسلى ئۇچقۇن قار چىچەكتەك پەسلى قىش ئاق قانىمەن،
جۇت - شىۋىرغان، قەھرىتانىنىڭ بىگۇنا قۇربانىمەن.
گۈل - چىچەك بوي كورسۇتۇر پەسلى باھار رەڭدار بولۇپ،
تەرىپىم سورىساڭ ھاياتلىق چەشمىسى—زەركانىمەن.

## 146

شاھى سۇلتان دىلخۇمار، سىزدىن ئېزىز بولغان قاچان،
قايسى دىل مەنچە مۇھەببەت شەۋقىغە تولغان قاچان،
بىر قىيا باققان شۇ "سىر"نى، ساقلىدىم بىر قەرىنچە،
ياش توكەر شام ھالىنى شەمئى ساما(44) ئۇققان قاچان؟

## 141

چىقمىغايسەن ئەي گۈزەل، پىنهان بولۇپ رەستىگە سەن.
ياكى پەيۋەنىۇ ئۈزۈك سەۋدايى ئىشق دەستىگە سەن؟
شۇنچە رەڭگىڭدىن جاهان لەززەت ئالالماس بىۋاپا،
ياكى چۈشكەنىۇ بولۇپ بەنت جادۇنىڭ قەستىگە سەن؟

## 142

قىلدى گۈليار كىرپىكىڭنىڭ زىخچىسى دىلنى ماكان،
تىلدى قاشىڭ قايچىسى باغرىمنى شەمشەر ئوخشىغان.
دادۇ-پەريات-چىن مۇهەببەت بابىدا شەرمەندىلىك،
ئۆتتىن ئالدىڭ، سۇغا سالدىڭ، قىلدى قەستىڭ قەهرىمان.

## 143

ئالسا بۇلبۇل ئىچكىلى شەبنەم مېيى، جام لالەسىن،
قان ئىچەر تەن تولدۇرۇپ، هەردەم يۈرەك پىيالىسىن.
شۇنچە دىدار داسقىنىدا خوش تەۋەرۇك مەي ئىچىش،
يادلىماڭ رىزۋاننى سىز، چەكمەي جەهەننەم نالەسىن.

## 150

ئاي دىسەم سەن ئاي ئەمەس، ئاق لايغا چۈشكەن شوئىلا سەن،
قارچىغا كوزلۇك دىسەم، گوياكى قەلبى كورلا سەن.
مەن سېنى ئالتۇن قەدەھ-جام دەپ بىلىپ قۇيسام شاراپ،
قىممەتى ئىخلاس كوتەرمەس، چىغدا ئەشكەن چويلا سەن.

## 151

بولمىدىم ياكى مۇيەسسەر كورگىلى "لۇقمان"نىسۇ،
ئىچمىدىم تەڭ يا، ئىبنى سىنا بىلەن بىر جامنىمۇ⑫،
شۇ ئېزىز شەمشى-چىراققا تەلپۈنۈپ پەرۋانىدەك،
كاج كېلىپ شۇم تەلىيىم سالدى رەقىپ ھىجرانىنىمۇ.

## 152

«بۇدىكە خۇرسەن بولۇپ، غەم قىلمىغىن نابۇدىكە،
كىم تەلەپتىن قالمىدى، ئاخىر يېتەر مەخسۇدىكە»⑬.
ئۇنتىما زاھىت خالايىقتىن ئۇمىت كۇت ھەر زامان،
بەخشىتىپ ئۇتكۈزمە گوھەر ئومرىنى مەبۇدىكە.

## 147

مىڭ پاراگدىن ئاشتى قەدرىڭ، جىلۋىدە سۇرمەي زۇۋان،
بال كىيىملىك ھىلىدىن سەندە كورۇنمەس ھىچ گۇمان.
بىر ئەقىدە، بىر ساداقەتتىن يورۇپ تۇرغاچقا دىل،
ئەقلىمىز بولمايدۇ ئەما، باسسا ئالەمنى تۇمان...

## 148

تۇسسا مەگزىنى پەرى شاپتۇل چىچەك رومال بىلەن،
ئىككى قاشىنىڭ لەشكىرى سۇلھى قىلۇر بىر خال بىلەن...
كوزلىرى ئەپسۇن(45) ئوقۇپ، گەر قىلسا مەجنۇن قورقىمىن.
لەۋلىرى لۇقمان ئۇنىڭ مەلھەم ياسايدۇ بال بىلەن.

## 149

رەڭمۇ-رەڭ گۇللەر ئېچىلدى خۇش باھارنىڭ تەپتىدىن،
تولدى بۇلبۇل قەلبى زوققا گۇل-چىچەكلەر ئەپتىدىن.
ئاشۇ كوكنار زەھرىنى بىلسەم سىنىگدە باشتىراق،
كورمەس ئەردىم، سويمەس ئەردىم، چاقماس ئەردىم قەنتىدىن.

## 156

كۆرۈنەر تۈن تەسۋىرى رەيھانۇ-سۇمبۇل چېچىدە،
گۈل يۈزى گوياكى ئاي تۇرغان يېنىپ تۈن كېچىدە.
تىلسىمى قۇدرەت ماكان ئوخشار ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزى،
سەبر ئېتەر ئالەمنى كۈندەك قىپ-قىزىل رەڭ ئىچىدە.

## 157

گايى تىمساق، گايى ھۇقۇش، گايى ئەژدار رەڭگىدە،
ئۆزگىرىپ ناكەس بۇلۇت، كۆپ قۇتىردى ئۆز مەيلىگە.
ئاي بىلەن چولپاننى نابۇت ئەتمەكى مۇمكىنمىدى!؟
نۇر چېچىپ تۇرسا قۇياش چەكسىز ئۇپۇقنىڭ كەينىگە!؟

## 158

ئۆتتى بىر قەرنە چېلىش بىرلە كۆرەش ... جەڭ ئۈستىدە،
بولدى مەلۇم دوست ۋە دۈشمەن ھەر كىشىنىڭ قەلبىگە،
زوق بىلەن سالساق نەزەر كەلگۈنچى ئۇ زور قەرنىگە،
قانچە ئۆرنەك دىلدا گۈللەر قوشقىنى يەر ھۆسنىگە.

## 153

كويمىسەم مەلئۇن دىمە، كويسەم ساڭا مەجنۇن دىمە،
كويمىگىم ئۇمرۇمچىدۇر، ھەرگىز ئۇنى بىر كۈن دىمە.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن كويدۇم، سېنى بىر سويمۇدۇم،
گەر نېسىپ بولسا نىگار سويسەم لىۋىڭنى "ئىم" دىمە

## 154

بىر گۈزەل كەلمەكتە باغى بىرلە نازى ھوسنىدە،
قوزغۇتۇپ زوق دولقۇنى، كورگەن جېمى كوز ئۈستىدە،
مەۋج ئۇرۇپ تۇرسا گۈزەللىك ئۈلگىسى گۈل كوكسىدە،
ئەكسىتەر يۈكسەك زەپەرنىڭ شاتلىغى كۈلكۈسىدە.

## 155

ئاق يۈزۈڭنى ئاي دىسەم، ئاي نە قىلور يول ئۈستىدە،
ئاي ۋىسالىڭ بەرق ئۇرۇپتۇ لالە رەڭ گۈل ئۈستىدە،
لالە گۈل دەپ قونسا بۈلبۈل، كويدى ئۇ، پەرۋانىدەك،
بولمىساڭ ئوت نە قىلور يالقۇنى بۈلبۈل ئۈستىدە؟

## 168

يۇزلىرىمدۇر بەرگى گۇل، قان تامچىسىدۇر شەبنىمى،
بى خەۋەر مەن ئۇزگە غەمدىن، ئۇز غېمىمدۇر ئەل غېمى؛
بەنت ئېتىلسە قاپقا غەملەر—بولسا ئەل غەمدىن خالاس،
تەننى قاپ قىلسام يىغىلسا، خەلقارا غەملەر جېمى.

## 169

بىر پەرى ئۇتتى يېنىمدىن ئاي قىلىپ رۇخسارىنى،
نازۇ - سۇلكەت بىرلە گويا تولدۇرۇپ گۇلزارىنى.
جەننەتى زاھىرنى(47) كوردۇم، نە كىرەك تەقۋايى باغ،
لەۋلىرى بىھۇش قىلۇر سالماي تۇرۇپ كوكنارىنى.

## 170

مۇنچە قەيسەرلەر ئىچىدە نادىرى ئەسئەت(48) ئىدى،
كوتىرىپ مەشئەلنى ئاخىر كويمىگى قىسمەتمىدى؟
كۇلدى كوكلەم كوز يۇمۇپ ياتقاندا گۇلشەن بۇلبۇلى،
بولسا ھىس گۇل قەلبىدە، بۇ، يەتكۇلۇك ھەسرەت ئىدى.

## 165

ئاڭلىغانتىم بۇ گۈزەلنىڭ توت تەرەپتىن داڭقىنى،
شەنىگە ياققان ئىدىم، ھەر كۈندە ئىسرىق داڭقىنى.
ئول پەرى ئويناپ ئوتتۇپ، يا چاچمىدى باشىمغا زەر،
ياكى گۈلزار لەۋلىرىدىن يەشمىدى دىل چاڭقىنى.

## 166

يا، ھالاكەت دېڭىزى دەيمۇ ئىشق تەبىرىنى؟
ئەسكە ئالغاندا مۇھەببەت سىھرىنىڭ تەدبىرىنى.
يا، لەتاپەت(46) گۈلشىنى دەيمۇ ئۇنىڭ تەسۋىرىنى؟
ھېچ كىشى قىلماس تەسەۋۋۇر سۆيگۈسىز تەقدىرىنى

## 167

تاكى مەلئۇن ئەپسۇنى، قىلغان ئىدى تايغان مېنى،
قەۋمىگە قالقان بولۇشنىڭ قەستىدە قۇربان مېنى...
ئىت ھىساۋى ئوتكۈزۈپ بىر قەرىندىن كوردۇم بوگۈن،
ئاقىۋەت قىلدى ئادالەت قايتىدىن ئىنسان مېنى.

## 168

يۈزلىرىمدۇر بەرگى گۈل، قان تامچىسىدۇر شەبنىمى،
بى خەۋەر مەن ئۆزگە غەمدىن، ئۆز غېمىمدۇر ئەل غېمى؛
بەنت ئېتمىسە قاپقا غەملەر — بولسا ئەل غەمدىن خالاس،
تەننى قاپ قىلسام يىغىلسا، خەلقارا غەملەر جېمى.

## 169

بىر پەرى ئۆتتى يېنىمدىن ئاي قىلىپ رۇخسارىنى،
نازۇ - سۈلكەت بىرلە گويا تولدۇرۇپ گۈلزارىنى.
جەننىتى زاھىرنى(47) كوردۇم، نە كىرەك تەقۋايى باغ،
لەۋلىرى بىھۇش قىلۇر سالماي تۇرۇپ كوكنارىنى.

## 170

مۇنچە قەيسەرلەر ئىچىدە نادىرى ئەسئەت(48) ئىدى،
كوتىرىپ مەشئەلنى ئاخىر كويمىگى قىسمەتمىدى؟
كۆلدى كوكلەم كوز يۇمۇپ ياتقاندا گۈلشەن بۇلبۇلى،
بولسا ھىس گۈل قەلبىدە، بۇ، يەتكۈلۈك ھەسرەت ئىدى.

## 165

ئاڭلىغانتىم بۇ گۈزەلنىڭ تۇت تەرەپتىن داڭقىنى،
شەنىگە ياققان ئىدىم، ھەر كۈندە ئىسرىق داڭقىنى.
ئول پەرى ئويناپ ئوتۇپ، يا چاچمىدى باشىمغا زەر،
ياكى گۈلزار لەۋلىرىدىن يەشمىدى دىل چاڭقىنى.

## 166

يا، ھالاكەت دېڭىزى دەيمۇ ئىشق تەبىرىنى؟
ئەسكە ئالغاندا مۇھەببەت سىھرىنىڭ تەدبىرىنى.
يا، لەتاپەت(46) گۈلشىنى دەيمۇ ئۇنىڭ تەسۋىرىنى؟
ھېچ كىشى قىلماس تەسەۋۋۇر سۆيگۈسىز تەقدىرىنى

## 167

تاكى مەلئۇن ئەپسۇنى، قىلغان ئىدى تايغان مېنى،
قەۋمىگە قالقان بولۇشنىڭ قەستىدە قۇربان مېنى...
ئىت ھىساۋى ئوتكۈزۈپ بىر قەرىننى كوردۇم بۇگۈن،
ئاقىۋەت قىلدى ئادالەت قايتىدىن ئىنسان مېنى.

## 174

چاچلىرىڭ سالدى تېنىمگە سۆيگۈنىڭ زەنجىرىنى،
كوزلىرىڭ قىلدى نامايەن، كوكرىگىمگىنىڭ سىررىنى ...
ئىچمەيىن ئالەم ئارا لەب جامىدىن بىر قەترە مەي،
كىم قىلۇر مەندەك پىدا، ئىشقىڭغا ئۆز تەقدىرىنى!؟

## 175

بىر پەرى چىققتى ئىشىكتىن سەل ئېچىپ دىدارىنى،
يەلپۈنۈپ تۇرغان چېچى توستى ئۇنىڭ رۇخسارىنى،
قايتىلاپ باقماققا دىلنى چۇلغىدى زەۋقى ھەۋەس،
كىپىنەكتەك سەيلىتىپ يۈرسەم دىدىم گۈلزارىنى.

## 176

گەر ئاتام بىرلە ئانام بولسا تېنىم ئىنئامچىسى،
روھلىرىمغا روھ قوشار ئۇستاز ئۇنىڭ ئىلھامچىسى،
بەتلىرى قامۇس ھاياتنىڭ ئاز ئەمەس ئۇنتۇلغىنى،
گەر ھاياتىم بولسا شام، سىز دەل ئۇنىڭ ئوت يالچىسى.

## 171

گەرچە "ئىبلىس" ئاتسا ئوقنى، توگمىچە قالقان بولاي،
سۇغا غەرق بولسا "يۇنۇس"⑭شۇڭغۇپ ئاڭاچورتان بولاي.(49)
مەيلى جادۇ ھىلىسىدىن بىر مەھەل قايغان بولاي،
ساھىبىم(50) "ئەپسۇن" نى ياندۇر، تۇتىدەك خەندان بولاي.

## 172

قوغلىدى ئىللىق سابا مۇزدەك تەكەببۇر دەلۋىنى(51)،
گۈل، باراڭلار قاپلىدى مۇنبەت ئېتىز ھەم چەللىنى.
مىڭلىغان رەڭدار چېچەكنى سۇيۇنۇپ كوردۇم بۈگۈن،
كوز يۇمۇپ قىلدىم مۇجەسسەم بۇ باھارنىڭ قەدرىنى.

## 173

سۇرۇلۇپ ماڭغاندا توزدەك چاچلىرىڭنىڭ قۇيرىغى،
قىلدى سەر خۇش خۇددى سەندەل ئەشۇ زۇلپىڭ پۇرىغى،
قاپ-قارا تۇندەك چېچىڭدىن تىگرىقىپ تۇرسام بېھۇش،
دەل زىبا بەردى دىلىمگە ئاي يۈزۈڭنىڭ يورىغى.

## 180

بىر زامان مەي بىرلە قەلبىم شادىمان تولسا ئىچەي،
بىر كۆلۈپ ئالەمدىن ئۇتمەككە كۆڭۈم تولسا ئىچەي…
سۈرتى گۈلزارغا ئوخشاش لەۋزى بال ھەمھان بىلەن،
لالەرەڭ مەينى تۇتۇپ، ھەتتا زەھەر بولسا ئىچەي.

## 181

گۈلچى قىز كوردىمكى ھەيھات! قولىدا گۈل دەستىسى،
بولدى گۈلزار شۇ چىمەندىن بۇ شەھەرنىڭ رەستىسى…
گۈلچىگە زوقلاندى كوزلەر، گۈلگە چۈشمەستىن نەزەر،
تەڭ كېلەلمەس گۈلچىگە ھىچقايسى گۈلنىڭ بەستىسى(53)

## 182

بىر پەرى ھوسنى-جامالى مىنى مەپتۇن ئەيلىدى،
سولدۇرۇپ بەرگىمنى، گۈل سىنەمنى(54) ئۇ، خۇن ئەيلىدى.
ئىشق ئارا ئاندىن نىجات كۈتسەم، دىلى تاشتىن ئوتەر…
ھوسنى شوھرەت بەيگىگە جىسمىمنى پەيتۇن ئەيلىدى.

## 177

بەزىدە ھىجرانىنى سالسا، تاغ ۋە دەريا ۋادىسى،
بەزىدە رۇخسار مۇساپە دەستە گۈلنىڭ ئارىسى.
گەرچە ھىجراندىن سوزۇلسا، رىشتىمىزنىڭ تارىسى،
شات جامالىدىن يېتەر ئەۋجىگە داستان پارىسى.

## 178

زېھنىڭىز چوڭقۇر دېگىز، ئىرپان ئۈنىڭ زور ئۈركىشى،
مەندار ھەر لەۋزىڭىزدە يالتىرار گوھەر تېشى.
باغرىڭىز ئىللىق ماكان، سەزگەي ئۈزىنى ھور كىشى،
ھىجرىڭىز ھەم ۋەسلىڭىز قوزغايدۇ ئوخشاش كوز يېشى.

## 179

بىر پەرىكەن، ھوسنىگە باقسام قاچۇردى يۈزىنى،
ئوسكىلەڭ كىرپىكلىرى مەندىن يوشۇردى كوزىنى.
ئىشتىياقىدىن بىمار بولسام شىپا ئەيتۇر ھەكىم(52)،
ئاڭلىماق پەرزدۇر گۈزەلنىڭ نازۇ - ھىكمەت سوزىنى.

## 186

هوسنىڭىز ئەسلەتتى گويا بەشكىرەم گۈلزارىنى،
چېچىڭىز ھەر يان ئىغاڭلاپ، چالدى رىشتىم تارىنى…
بولسا مەجرۇھ كوزىڭىز ئۇچقۇنىدىن باغرىم ئەگەر،
سۇرمە كىرپىك بىرلە تىككەيسىز مۇھەببەت يارىسى…

## 187

كوزلىرىڭىزنىڭ قارىسى — بولدى دىلىمنىڭ يارىسى،
ئىدرىكىم بولدى ھامان گۇل قامىتىڭىزنىڭ سايىسى…
بىلمىدىم قاي كۈن بولۇپمەن مۇپتىلا بۇ سۇيگىگە،
قىلدى ئوت تەننى كوزۇڭ بەرقى-چېقىلداق پارىسى.

## 188

يار ئويى مەيخانە بولسا، باغۇ-ئايۋاندىن كېچەي،
شىرىنىم ۋەسلىنى دەپ، تاغلار ئېشىپ، دەريا كېچەي،
جادو كوز ناز ئىشلىتىپ، گەر تۇتمىسا شەربەت ماڭا،
لەۋلىرىنىڭ جامىغا لىق تولدۇرۇپ ئاغۇ ئىچەي.

## 183

گۈل ئېچىلماس بولمىسا ياپراق بىلەن گۈل شاخچىسى،
ئەر كوكەرمەس بولمىسا پەرۋىشچى باغۋەن، باشچىسى.
مەيلى ئۇستاز، مەيلى ئۇلپەت بارچىسى قىممەت، بىراق،
ئوزىنى بىلمەك كىشىنىڭ بىر ئومۈرلۈك ساقچىسى.

## 184

كوينىڭىز مىسلى ياپراق، يۈزىڭىز گۈل غۇنچىسى،
بەرگىڭىزگە تامچىغاندۇ كوز يېشىمنىڭ ئۈنچىسى؟
گەرچە چاقماقنىڭ ماكانى بولسا ئوتلۇق كوزىڭىز،
چاچ باراڭلىق لىۋىڭىز ئۇسسۇزلۇغۇم سەگۈنچىسى.

## 185

ھوسنىڭىز ئەكسى ئەتسە گۈلنى، ھالىتىم تەسۋىرى مەي،
شۇ خوشاللىق پەيتىدە غەم-قايغۇ، كۈلپەتتىن كېچەي.
قويسا ھىجران ئىككىمىزنىڭ ئارىغا گەر تاغ-داۋان،
شۇ تەۋەررۇك رۇمكىغا لىق تولدۇرۇپ كوز ياش ئىچەي.

## 192

بىر قولۇم گۇمران قىلور، قورقۇنچى سالغان دارىنى،
بىر قولۇم بەرپا قىلور يەر ئۈستىگە گۈلنارىنى.
گەرچە ئالەم تولسىمۇ، جەڭگى-جېدەل توپانىغا،
ئەژدىھانىڭ ئىلكىگە بەرمەس بەشەر(55) سەييارىنى.

## 193

بىر كۆلۈپ گۈل كۆرسۈتۈپ، سانچىلدى نامەرت تىكىنى،
كۆيدۈرۈش پەرۋانىنى بولدى چىراقنىڭ ئەتكىنى،
شۇنچە نازلىق ھىس بىلەن چۈشسەم ئۈممەت دەرياسىغا،
پاتتى قۇمغا بىراۋان ئۆمرۈم كارابى يەلكىنى.

## 194

سەككىز ھەپتە سەئىدنىڭ سەككىز قىسىم گۈل بابىنى —
زوقلىنىپ كۆرگەندە ئىچتىم جەننەتىدىن ئابىنى...
نەزمىڭىز بىرلە ھىكايەت چەكتى قەلبىم تارىنى،
ئۇيقىغا قانماي كۆزۈم ئالدى قىزىل ئوت تابىنى.

## 189

ئارغىماقتەك ئويناپ ئۆتسەڭ، يار ساڭا مەن يول بولاي،
چاچلىرىڭنى سۇغا سالساڭ، سۇيى زۇمرەت كول بولاي،
ھىدلىساڭ گۈل غۇنچىنى، باغىڭدا خۇش بۇي گۈل بولاي،
سۇيگۈدىن قەلبىڭدە ئوت يانسا كويۇپ ھەم كۈل بولاي.

## 190

دەستە-دەستە گۈل تۇتۇپ، تۇتماي گۈلۈستان نارىنى،
چەشمە-چەشمە ياش توكۇپ، بىلمەي كوڭۈل خۇمارىنى.
بىلمىدىم شەمشى چىراققا قەدىرسىز پەرۋانە سەن،
بىلمىدىڭ ئەسرارى ھىكمەت سەرپ ئېتىپ كۈچ بارىنى.

## 191

ئۈچكىنى چاقماق بولۇپ، سۇندۇردى گوھەر تاشىنى،
بەختسىز شاھىت بولۇپمەن كورگىلى كوز ياشىنى.
يا، ئارامگاھ تاپمىسام يەڭگىتكىلى غەم باشىنى،
قايدا بولسۇن زوق، ماجال سىزماققا كىرپىك قاشىنى.

## 198

بىر پەرى كىردى ئىشكتىن يەلپۈتۈپ رومالىنى،
سۈندى پەتنۇس ئۈستىدە شەربەت قۇيۇپ پىيالىنى،
ئۇنتۇدۇم شەربەتنى بەنت ئەتكەچكە ئەقلىمنى سەنەم،
يەر بىقىپ كۆلدى گۈزەل كورگەچكە مىھمان ھالىنى.

## 195

ياشلىغىڭ ئۆتتى سېنىڭ بىلمەي گۈلۈستان قەدرىنى،
بىر زامان ھەسرەت بىلەن تارتتىڭ زىمىستان دەردىنى...
گەر ھاياتىڭنى سېنىڭ بولسۇن خازانسىز گۈل دىسەڭ،
بىرھەۋەس،بىر زوقبىلەنئۈزدۈرمە بوستان بەرگىنى.⑮

## 196

قالمىدى ئەستە شاراپ، نېمەت ۋە سازنىڭ ھېچبىرى،
چىم ئاياق يول ئۈستىدە ئۇچراشمىدى يا، بىر پەرى.
چەشمىزارىڭدىن ماڭا ھاسىل كۆزۈم ئەمالىغى...
ۋاقتى يەتسە نەۋ باھار تۇلپار تۇياقتىن ئىلگىرى.

## 197

گۈل قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ چېچى سۇمبۇل بىر پەرى،
خۇددى چەشمە بولسا گۈلزار، ئول پەرىدۇر كەۋسەرى.
بۇ مېنىڭ كوكسۇمدىكى موسكۇل — يۈرەكمەس، بەلكى ئۇ،
بەتلىرى مەدھىڭگە تولغان بىر قويۇننىڭ دەپتىرى.

(18) بەيئەت — تەسلىم بولۇش، تەۋە بولۇش، قول بېرىش ۋە ئىختىرا قىلىش.

(19) ئۈز — چىرايلىق دېمەك.

(20) مەرھەبا — خۇش كەلدىڭىز دېگەن سۆز.

(21) قۇت — بەخت، بەرىكەت.

(22) لەزىز — شىرىن.

(23) بەرگىم — ئەسلى يوپۇرمىقىم دېگەن بولۇپ، بۇ يەردە رەڭگى - رويۇم دېگەندىن كىنايە.

(24) ئىستىقامەت — بىر ئىش بىلەن مۇھىم مەشغۇل بولۇش.

(25) ھۇما — چوچەك، ئەپسانىلاردا ئېيتىلغان بەخت قۇشى.

(26) نۇھ ئەلەيھى سالام — رىۋايەت قىلىنىشىچە، 3 مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەن ئىكەن.

(27) جەزب — ئۆزىگە تارتىش.

(28) قوناق — قوندۇرۇلغان كىشى، مېھمان مەنىسىدە.

(29) مۇشپىق — شەپقەتلىك، رەھىمدار، مۇلايىم.

(30) ساداق — ياچاقنىڭ ئوقى.

(31) مەلەك — پەرىشتە.

(32) ئەھلىمەن — دىۋە، شاياتۇن.

(33) لال — ھەيران بولۇش، تۇرۇپ قېلىش.

(34) ھىلال — 2 - 3 كۈنلۈك يېڭى چىققان ئاي.

(35) ئىنس گۈل — ئادەمگە ئوخشاش گۈل، ئادەم گۈلى

(36) پەيۋەند — ئۇلانغان، چېتىلغان، ئىلناشقان، تولغان.

(37) نەرى — غەزەپلىك سادا.

(38) مۇترەپ — سازچى.

(39) گەردۇنى ئالەم — جاھاننىڭ كارى، پەلەك گەردىشى

ئىزاھلار:

(1) ئىقتىدا — ئەگىشىش، مەقسەتداشلىق.

(2) قەرن — مەلۇم بىر مۇددەتلىك زامان.

(3) مەھلىقا — ئاي يۈزلۈك مەھبۇپ.

(4) بىزىيا — يورۇقسىزلىق.

(5) بۇلبۇلگويا — ئەپسانىلاردا ئېيتىلىشىچە، ئادەمدەك سوز-لەيدىغان قۇش.

(6) ساما — ئاسمان.

(7) نىدا — ئاۋاز، چاقىرىق، توۋلاش.

(8) جۇنۇن — ساراڭلىق.

(9) خۇن پۇرۇش — قان ساتقۇچى.

(10) مەي پۇرۇش — مەي ساتقۇچى.

(11) پوتا—بەلۋاغ.بۇ يەردىكى زەرپوتا ئالتۇن كەمەر مەنىسىدە.

(12) سۇخەن — سوز. شىرىن سۇخەن — تاتلىق سوز.

(13) تۇرپە — ئاجايىپ، غەلىتى، قالتىس.

(14) زۇلپىخار — راۋايەتلەردە ئەيتىلىشىچە ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەخسۇس خىسلەتلىك قىلىچى،بۇ يەردە ئۇۋغا يارارلىق قورال دىمەكچى.

(15) سىماسى—يالتىرلاش،ئالامىتى، نامايان بولوش نىشانىسى.

(16) مەبۇت — ئىبادەت قىلىنغۇچى، تەڭرى.

(17) ئىبتىكاپ — بەلگىلىك مۇددەت بويىچە ئىبادەتخانىدا ئىلتىجا بىلەن ئولتۇرماق

# 2

## ئاروز ۋەزنىنىڭ بەھرى ھەزەج (سالىم) شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار

(40) نار — ئوت

(41) گۈل سۇرۇخ — قىزىلگۈل

(42) تەك — باراڭغا ئېلىنغان ئۈزۈم

(43) گۈلرۇخ — گۈل يۈزلۈك

(44) شەمئى ساما — ئاي - كۈن.

(45) ئەپسۇن — كونا قىسسەلەردە ئېيتىلىشىچە، سېھرىگەرلىك دۇئاسى.

(46) لەتاپەت — سىلىقلىق، نەپىسلىك، مۇلايىملىق.

(47) جەننەتى زاھىر — نەق جەننەت، مەھبۇبىنىڭ جامالى.

(48) بۇ يەردە مەرھۇم ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ خەلق ئىش- لىرىغا بولغان سادىقلىق - پىداكارلىق روھى كوزدە تۇتۇلغان.

(49) چورتان — بېلىقنىڭ بىر خىلى

(50) ساھىبىم — ئىگەم، رەھبىرىم.

(51) دەلۋە — پەسىللەردىكى 11 - ئاينىڭ ئىسمى بولۇپ، سوغاق بەزىدە قۇتىراپ، بەزىدە يۇمشايدىغان ھالەتنى نامايەن قىلىدۇ. شۇڭا خەلق ئۇنى دەلۋە دىۋانى دەيدۇ.

(52) ھېكىم — ماھىر تېۋىپ.

(53) بەستىسى — بوي - تۇرقى.

(54) سىنەم — باغرىم، كوكسۇم.

(55) بەشەر — ئىنسانىيەت.

## 199

"ئەجەم" چوڭ نەغمىسىن باشلا، قوشۇپ تاڭنىڭ ساباسىغا،
"ناۋا" مۇقامىنى چالغىن، بېقىپ يۇلتۇز ساماسىغا.
تەقەززا ئەيلىسە جانان سېنى قەلبى داۋاسىغا،
ئەرىشتۇرگىن ئۇنى بۇلبۇل كەبى گۈل مۇددىئاسىغا!

## 200

سابا(1) سەييارىسى يەتكۈز، مېنىڭ ھالىمنى گۈلرۇخقا،
يېتىشتۇر ئۇپقۇنى دەريا، سالامىم سەنئۇ مەشۇققا،
دېگىن: "گۈلزار، ساڭا ئاشىق گۈلاپ مەستانىسى بۇلبۇل،
كېچە ـ كۈندۈز بىتاقەت ئۇ، قېشى يا، كىرپىگى ئوققا".

[illegible]

[illegible]
[illegible]

## 204

نە ھاجەت ساختا شوھرەت ئۇ، نە ھاجەت ئەرزىمەس تەقۋا!؟
مېغىزسىز بىر پۇچەكلىككە ھەسەل سۈرتكەن كەبى گويا.
ساما ئىشقىدا ئاخماقلىق ئۆزىنى دارغا ئاسماقلىق...
خالايىق سۆيمىسە ئىززەت ياراتقان قايسى بىر دەرگاھ؟

## 205

دۇتارىڭ قويىنىغا سازچى!، مۆكۈنگەنمۇ تىرەن مەنا؟
گۈزەل بارماقلىرىڭ ئوينايدۇ قوش تار ئۈستىدە زىبا.
ئۈنىڭ مەرغۇلىدىن نازۇك ئۇسۇلغا چۈشسە گۈل رەنا،
كۆرۈك مەشرەپ ۋە داستانى قىلۇر خامۇشنى(4) ھەم دانا.

## 206

زېمىن بولسا مەگەر جامىڭ، توپان بولسا شاراپ گويا،
غازاڭمەن غەرق ئىتەلمەس سۇ، بەئەينى نوھقا ئوخشاشلا
ئەگەر يەھۋ بىشارەت بىرلە نوھقارەھنەما بولسا،⑰
قىلۇر خەندان يېنىمدا گۈلشەنىمدىن توتى گۈپتارا.

## 201

پىراق سەۋداسى دەيمەن، گەر ھۆرۈپ قەھرلىك بوران قوپسا،
ئىبقىدە سويگۈسى دەيمەن، تىنىمنى گۈرزىلەر(2) سوقسا،
پەلەك لەيلۇ-ناھار ئىچرە ماڭا ساچىدا تون ياپسا،
خىجىل بولماسمۇ گۈلنازىم ئازاپ ئاپەتلىرىن ئۇقسا!؟

## 202

ئۇزۇڭسەن سويگۈ ئەركىدە ئاجايىپ تۈنى گۈپتارا، (3)
تىۋىپ بول لەيلىدەك مەجنۇن لىۋىگە تامغۇزۇپ دارا...
سىنىڭ ۋەسلىڭ ئەگەر تەخت بولسا بەختىم بەر قارارشۇندا
يىتەلمەس ئاڭا ئىسكەندەر بىلەن قەيسەر ۋە يا دارا.⑯

## 203

ھاياتلىق بىھىساپ قامۇس، ئۇنىڭ ھەر بابى زەرزەر دەريا...
خالايىق بىپايان ئورمان، ئۇنىڭ ھەر بەرگى مىڭ بەرنا.
مۇقەددەسلىك شەرەپ-شانىن، رۇكۇدىن ئاختۇرۇر غاپىل،
پىكىر دەرياسىدىن ئۆزگە، سامادەر گاھىمۇ ئەئما.

## 210

ئېچىلمىش نەۋ باھار لالە، شەپەق سۆيگەن چىرايىڭدا،
سىغىنچىلىك تۇتقۇنى بولدۇم، ئۆزۈم ئۇنتۇپ خىيالىڭدا،
ئۇچۇپ ئۆتسە ئەگەردە كىپىنەك ئۈستىڭدە زوق ئەيلەپ،
پىراق شەبنەملىرىڭدىن مەي ئىچەي، كۆيى ۋىسالىڭدا.

## 211

تۇراتتىم تۈن بويى شەبنەم سۈپەت گۈل كۆكسىدە تەشنا،
چىقىپ كەلدى قىزىل گۈلدەك يوپۇرماق قوينىدىن رەنا...
ئۆزۈمنى غەرقى شەربەت ھەم چىچەكلەر تەختىدە سەزدىم،
غۇرۇرلۇق بۇلبۇلۇم كۈلدى، كۆڭۈل ئاپقاچقا چىن مەنا.

## 212

قاقاخلاپ كۈلمىكى زىننەت گۈزەلنىڭ نازۇ جەۋلاندا،
دۇتارنى چالمىغى راھەت ئۇنىڭ رەڭدار پىشايۋاندا...
بۈگۈن مەن توز بىلەن گۈلزار ئارا باغ سايىدە بولدۇم،
يۇمۇلغايمۇ كۆزۈم ئەرتە، ئۇنى كۆرمەستىن ئەرماندا؟

## 207

لەۋىڭنىڭ ياقۇتىدىن رەڭ ئېلىپ مەگزىمدە قان گويا،
جامالىڭ شەمىسىدىن(5) مىسكىن يۈزۈمدە بولدى نۇر، رەنا!
گۈزەل ھوسنۇڭ بىلەن شۇ بۇلبۇلى خەندان ناۋاسىدىن،
بۇ جىسمىم بولدى ئاخىر غەرق... چېچىڭ ھۇيىدا زەر دەريا.

## 208

چېچىڭنى كەڭ يېيىپ جانان، يىغانلىق بىر بۇلۇت قىلما،
كوزۇڭ يامغۇر، قېشىڭدىن قار توكۈپ، ئالەمنى جۇت قىلما.
گۈلى رەنا ئېچىلغان باغنى ئاھىڭ بىرلە دۇت قىلما،
كى ئاخىر قەھرىدىن چاقماق چېقىپ كۆلبەمنى(6) ئوت قىلما.

## 209

پاتار يۇلتۇز بىلەن ئاي ـ كۈن، بۇ كوكسۇڭ ئاسمان بولسا،
ئەمەس يەتىمەككە ئەرش مۈشكۈل، سىنىڭ كوڭلۇڭ قىسران بولسا.
ئۇلۇغلۇق بولمىسا دىلدا كورۇنمەس بىپايان ئالەم...
جاھاندىن سوز ئېچىش مۈشكۈل، دىلىڭ يۇرچاق ماكان بولسا.

## 216

زامانىنىڭ رايىغا باققىل، زامان تىنىماس راۋان دەريا،
ئۇنىڭ ئۇركەشلىرى ھەر بىر ئېقىمىشتا ئۇزگىچە گويا...
راۋان دەريا قۇرۇر ئاخىر، ئەگەر ئايرىلسا ئۇركەشتىن،
ئۇنىڭ ھەر ئۇركىشى سازچى، ئۇنىڭ ھەر سازى بىر مەنا.

## 217

توگەرمۇ ھەسرىتى، ئالەم كىشىلىك داغىدىن تۇرسا؟!
لېيى كوز ياشىدىن، جىسمى پىغان توپراغىدىن تۇرسا،
كىشى ھەتتا سائادەت قوينىدا ئەندىشىلەر چەككەي،
ئۇنىڭ ئامەتلىرى بى بەختىلەرنىڭ ئاھىدىن تۇرسا.

## 218

ۋۇجۇدى زەپىران، جەندە لىباسى(7)قەلبى نۇر دەريا...
پىغانى ئوت بولۇت ئەمما، مۇجەزى، خۇلقى خۇش بەرنا.
كورۇپ ھەيرەتتە قالدىم بۇ ئەجەپ خەلق—زىننەتى ئالەم،
ئەگەر مەشرەپ دىسەڭ مەشرەپ، دىسەڭ زىھنى ۋەلى گويا.

## 213

شەپەق تاڭ لۇتپىغا باقسام، چىچەك شەبنەمگە تولغاندا،
جامالىڭ شەربىتىن ئىچسەم، ۋىسالىڭ ساقى بولغاندا،
ئۇپۇق ئىچرە پاتار ئالدىدا گۈل رەڭگى قىزارغاندەك،
گۈزەللىك ئەۋجىگە يەتكەي، گۈزەل جانان ئۇيالغاندا.

## 214

ئۇچۇپ دىل سۇمرۇغىم شولدەم، كىرىپمەن بۇت سارايىڭغا،
شىۋىرلاپ سوزلىدىم تەنها... قاراپ قەددۇ جامالىڭغا.
نىيەت قىلماي چوقۇنماققا، گۈزەللىك ئىزدىنىپ كىردىم،
تەئەججۇپ ئەيلىدىم نەققاش! سىنىڭ سەنئەت كامالىڭغا.

## 215

تۇغۇلماي بۇلبۇل ئازادە، يېزىلمىش قىسمىتى رەنا،
مۇبادا كورمىسەم چۈشمەسىمدى، باشىمغا بۇ سەۋدا.
"مەگەر بولسا هاياتىڭ كەڭ جاهان ئىچرە قۇشى ئەنقا —
ئۇنى هەم جەزبىدىن سالغاي، پىراق زىندانىغا بەرنا."

## 222

پىغان چەكمە مۇرەببىم، يەتسەڭ باشىڭغا مىڭ كۈلپەت،
ساڭا كۈلپەت—پەقەت ئەرمەك، خالايىق بولسا چىن ئۈلپەت.
مۇشەققەت تاشىغا سۇرتمەي ئىقبىلنىڭ شەمشىرى ئۆتمەس...
مۇشەققەت مۇشكۈلۈڭ ئاخىر ئاتا قىلغاي ساڭا شۆھرەت.

## 223

ۋىسالىڭ ئاقىۋەت ئىنئام ئىكەن، ھىجران ماڭا شۆھرەت،
ئىغىرمەس كۈلپىتىڭ تاغى، نىسىۋەم بولسا گەر شەربەت.
كېچىرگەن شۇنچە قىسمەتتىن، پۈتۈلسە سۆيگۈ داستانى،
ماڭا ئەمگەك ھوزۇرى گۈل يۈزۈڭدىن يامرىسا سۆلكەت.

## 224

ئۈمىدى ۋەسلىدىن كوزۇڭدە دەريادەك يېشىڭ مەۋجۇت،
دىلىڭدا ھىجرىدىن چەكمىش پىغانۇ-نالىشىڭ مەۋجۇت.
نىتەي كەستى ئۇلۇغنىڭ قايچىسى شەمئى ھاياتىڭنى...
مەگەر ئالەمگە بولسا قايتا كاشكى كەلمىشىڭ مەۋجۇت.

## 219

ئەيسپكار، ئەت مېنى سويگۈگىدە كويىمەكلىك گۇنا بولسا،
ئۇنى قايتۇر، مەگەر ئىلكىگىدە ھېكىمەتلىك دۇئا بولسا—
ۋە ياكى بۇلبۇلۇڭغا لالىزار باغىڭنى كەڭ ئاچقىن!
دىگىن شەرتىڭنى تارتىنماي دىلىڭدا مۇددىئا بولسا.

## 220

كومۇگكىم گەر ئەجەل يەتسە مېنى تەكلىماكانىمغا،
نە ھاجەت غەم گۈلىن تاقىماق مېنىڭ سويگەن جاھانىمغا،
لەھەتكە كىرسىمۇ جىسمىم كومۇلمەس ئاتەشىن قەلبىم،
يۇرەر سازەندىدەك روھىم يانا قانماي ماكانىمغا.

## 221

مېنىڭ قەددىمنى تىك قىلغان ئەمەس شاھ يا ۋەزىر، نايىپ، (8)
پەقەت بولقا بىلەن ئوغاق تۇتار ئەل پاسىۋان ساھىپ.
ھەرەمگاھىم ئەمەستۇر كۆلبە ئىبراھىم ۋە يا قۇددۇس، ⑱
كارامەت كورستەلمەس ئەھلى ئەنگەكتەك ۋەلى، راھىپ.

## 228

ئۇنىڭكى ھۆسنى گۈلشەن باغ...قېشىدا قۇشلىرى باردۇر،
چېچىنىڭ ھەر تېلى بىر جادۇ، ئەپسۇن ئىشلىرى باردۇر،
لىۋى ياقۇت قەدەھ گويا، ئاڭا بىھودە مەي توكمە،
كوزى ھەم كىرپىگىدە نەيزە-خەنجەر ئۇچلىرى باردۇر.

## 229

كى تەقدىر دەپتىرى بىربەت ئەمەس، بىلسەڭ ئۇنى گۈل يار،
كى قىسمەت كەپتىرى گوياكى يۇلتۇزدەك قىلىۋر سەييار.
ژىغا ھەم كۈلكە بىر كوزدىن، جۇدالىق ئىزىدىن دىدار،
بولار ئىش بولغۇسى، زىبا بويىڭىز تاقسىمۇ تۇمار.

## 230

كوزىڭىز قارچۇغى ھىكمەت تېشىكەن بەرق ئىتەر گوھەر،
ئىپارنىڭ قاپچۇغى گويا ئىكەن پاك قەلبىڭىز دىلبەر!
گۈلۈستان رىشتىسى گەر تارتمىسا كۈلمەس ئىدى بۇلبۇل،
مۇرەببىم بولسا ئول سۇمرۇغ ماڭا كار ئەتمىگەي ئەژدەر.

## 225

نىچۇن بىلمەم خىلىل⑲غا ئوتنى گۈلزار ئەيلىگەن قۇدرەت،
مېنىڭ گۈلزار بېغىمنى كۆيدۈرۈشكە سالدى ئوت ئاپەت؟
يەنە ھەيران ئۆزۈم دائىم كۆيۈپ كۈل بولسا گۈل جىسمىم،
بىلىپ ۋە ياكى بىلمەستىن ئاڭا روھىم قىلۇر تاقەت...

## 226

ئايا دىلبەر! قارا قاشىڭ تەمەننا قىلغىدەك باردۇر،
كۆزۈڭنىڭ جادۇسى قەلبىمگە مەنا قىلغىدەك باردۇر.
يۈزۈڭ گويا ئانارگۈل لالىسى، مۇشكۈڭدە مەجنۇنمەن،
لېۋىڭنىڭ شەربىتى مەجنۇننى دەنا قىلغۇدەك باردۇر.

## 227

گۈزەل قەلب — زور سائادەتتۇر، ئاڭا كۈلپەتمۇ راھەتتۇر،
خۇنۇكلۇك باسسا قەلبىڭنى ھەسەل ئىچسەڭ نە لەززەتتۇر؟
گۈزەل قەلب كائىنات گويا، پەردازات مىسلى ئىدرەك - ھىس،
ئىپار چاچماق ئاڭا دائىم كۆڭۈل باغىغا ئادەتتۇر.

## 234

ساما چاچىڭ، كوزىڭ خۇرشىت، جامالىڭ قىبلەگاھىمدۇر،
لىۋىڭ زەر چەشمىدىن تامغان مەيىڭ ئابى ھاياتىمدۇر،
ۋەتەن شەيداسىمەن دائىم غەزەلخانلىق مېنىڭ ئىشقىم،
خالايىق رەھمىتى جەۋلان قىلارغا پەي-قاناتىمدۇر.

## 235

كوزۇڭ ياشى پەقەت توپان، پىغان-ئاھىڭ قىيامەتتۇر،
گۇناسىز قىسمىتىڭ ئالەم ساپاسىغا ئىشارەتتۇر...
ۋاپا ئىزلەپ جاپا كورمەك جاھان چەرخىدە ئادەتتۇر،
ئىبقىدە پاكلىغى ئاشىق ئۈچۈن ئەلا سائادەتتۇر.

## 236

ئەتىرگۈل كويىنىڭىڭ ئىچرە، قىزىلگۈلدەك چىرايىڭ بار،
كوزۇڭدە خۇش تەبەسسۇم سوزلىرىڭدە ئىللىق رايىڭ بار.
قارا چاچىڭ ئەگەر تۈن بولسا، گۈل ھوسنىڭدە ئايىڭ بار،
بىراق، قەلبىڭدە كىملەرگە سېنىڭ پىنھان سارايىڭ بار.

## 231

بۇ مەي رەڭگىدە قەلبىمنىڭ يېرىلغان پارىسى باردۇر،
نەزەر سالساڭ يۈرەكىمگە مۇھەببەت يارىسى باردۇر،
تېپىلماس، ئەھلى تەقۋادىن بۇ دەردىمگە مېنىڭ لوقمان،
تۇمەن خىل رەنجىنى مەينىڭ ساغايتماق چارىسى باردۇر.

## 232

چىرايىڭ گۈل سىنىڭ، ھەر كۈلمىگىڭ گوياكى جەننەتتۇر،
سېنىڭ ئىشقىڭدا كۈلپەت كۆرمىگىم جانىمغا راھەتتۇر.
قەسەم بىللا! سېنى تەرك ئەيلىمەسمەن چىقسىمۇ جانىم،
بىئارلىق راھەتتىدىن يەتمىكى باشىمغا ئاپەتتۇر.

## 233

ھەقىقەت ئىزلىسەڭ دايىم ئۇنىڭ پوستلاق گۇمانى بار
قۇياش چىققۇنچە ئالەمگە ئۇپۇقنىڭ ھەم تۇمانى بار.
نىچۈن ئالەم سىرى زاھىر ئەمەس، ئۇ، بەنت نىقاپ ئىچرە،
سەدەپنىڭ ئىچىدە مارجان، گادايىنىڭ قەھرىمانى بار.

## 240

جاهان ئاي يۈزلىرى ئىچرە سېنىڭ خۇرشىد جامالىڭ بار،
قوشۇما قاشلىرىڭ ئىچرە سېنىڭ ياقۇتچە خالىڭ بار.
ئىقبال، رۇخسار، خۇلۇق بابىدا بولساڭمۇ مەگەر سۇلتان،
ئۇچۇپ كەلگەن سادادىنى قايتۇرۇشقا نە ئامالىڭ بار؟

## 241

تەمەننا قىلغىدەك چاچى، ئۇنىڭ كوكسىدە سۇمبۇلدۇر،
گۈزەللىك ھەم ئوماقلىق زىننىتى گۇل ھوسنىدە مولدۇر.
چىمەن ھوسنىگە زوق بىرلە خېرىدار بولمىغانلار كام،
بىراق چىن قەلبىدىن يالقۇندا كويگەن بىرلا بۇلبۇلدۇر.

## 242

سابا دەرھال دېرەك بەرگىن، قەيەردە دىلخۇمارىم بار؟
كوزۇمگە مەن ئۇنى سۇرتەي قەيەردە گۇل ئانارىم بار...
ئۇنىڭ ئىشقىدا مەجنۇنلۇق ھاياتى كەلدى باشىمغا،
دېگىن قاي ۋادىدا ئايدەك بولۇت توسقان نىگارىم بار؟

## 237

راۋابنىڭ تارىسى ئاشىق كىشىنىڭ سىنە تارىدۇر،
ئۇنىڭ مۇڭ - نالىسى كويىگەن يۈرەكنىڭ ئاھۇ - زارىدۇر.
جاھاننىڭ قىسمىتى شۇكى بەخت قويىندىمىز ئارمان،
ۋىسالسىز ھىجرىدە شۇ ساز ئۇنىڭ يىگانە يارىدۇر.

## 238

قىزىل ياقۇت ئىگەنسەن زەر ئۈزۈك ئۈستىدە تەختىڭ بار،
توپادىن پەرقى يوق تۇرساڭ يانا ئاخىرقى بەختىڭ بار.
بىلىپ پەس خاكى - توپراقنى دىمە زىننەتنى سەن مۇتلەق،
سىرىق ئالتۇن ئەمەس، بىر كۈن سىرىق توپراقتا لەخمىڭ بار.

## 239

ئومۇر چەكسىز ئەمەس، ئاخىر ئۇنىڭ ئۆز مەنزىلى باردۇر،
ئەزىزلەر قەلبىدىن نازۇك پەقىرنىڭ ئۆز دىلى باردۇر.
چېكىپ زەخمەك بىلەن ساز تارىنى كۆڭلۈمنى شات ئەتكىن،
چىمەننىڭ گۈلىدىن ئەلا شىپالىق دەش گۈلى باردۇر.

## 246

ئىسكەندەر گوھىرى نۇرلۇق كوزۇڭنىڭ قارچۇغى گۇلناز،
بەئەينى تۇخۇمى ئەنقا، ئوشۇل كوزنىڭ ئېقى-ى گۇلناز.
مىسالى سۇرمىزارلىقتۇر، كوزۇڭنىڭ قىرغىغى گۇلناز،
ئۇنىڭ جادۇسىدىن تىچسىز جاھاننىڭ ھەر يېقى گۇلناز.

## 247

ئېتىڭ رەنا، ۋۇجۇدىڭ گۇل، ئۇزۇڭ ياقۇت تەمەنناسىز،(10)
تەمەننا ئەيلىسە بۇلبۇلغا گۇلمۇ بەلكى مەناسىز...
مېنىڭ قەلبىمنى جەلپ ئەتكەن ئەشۇ گۇل قەد، ئەشۇ گۇلرۇخ،
كى مەناسىز بولۇر تەقۋادا ئوتسەم گۇلى رەناسىز.

## 248

قارا زۇلپۇڭنى بەرمەسمەن بىھىش پىردەۋسىگە گۇل يۈز،
كوزۇڭ شەھلاسى ئىماھامدۇر ئوبول پىردەۋسىگە گۇل يۈز.㉑
يۈزۈڭ خۇرشىت سېنىڭ شەربەت سوزۇڭدە مىڭچە ارقمان بار،
كوزۇڭ مەبۇدى ئوق بەتلەپ تۇرار قاش قەۋسىگە(11)گۇل يۈز.

## 243

قۇياش يورۇقلىقىنىڭ تاڭغىچە كوكتە تۇمانى بار،
ھەقىقەت ھۆكمى ئەتمەكتىن مۇقەددەم كوپ گۇمانى بار.
تۇمەن مىڭ ھىللىلىك مەلئۇن جەسەت لەخمىدە ياتقاندا،
ئۇنىڭ پاسىق(9) پىكىرلەرگە مۆكۈنگەن كەنجى جانى بار.

## 244

ئول ئايىنى ئاھ ئوقى بىرلە، ئېتىپ ئوۋ قىلمىغىنىڭ تەستۇر،
چىرايى ئەرش بىلەن كۆرستا بىراق قەلبى ھامان پەستۇر.
تولۇنئاي جامىنى زىدبا بىلىپ ئىچمە ئۇنىڭدىن مەي،
ئۇنىڭ نۇر شولىسىدىن لەززەت ئەپتۇرغان چاۋا - خەستۇر.

## 245

ئەگەر لۇتپى قاما بولسا، يۇسۇپ سەككاكى قۇندۇز سىز،[20]
گۈزەللىك باغىدا ھەتتاكى تۇتىنى باسار تۇز سىز.
"قەسىدە تىزمىسى" بولدى تۇمۇرى زەنجىرى سىزگە،
مىزان يۇلتۇزدەك زەنجىر بىلەن كوك ئىچرە يۇلتۇزسىز.

## 252

پەلەكنى قارغىغان بىرلە پەلەك يەر ئاستىغا چوكمەس،
ئادالەت كۇتكىنىڭ بىرلە ئادالەت ئۇزى قان توكمەس.
تەپەككۇر مەشئىلىدە سەن جاھاننى يورۇتار بولساڭ،
مەگەر جۇرئەت قولى مەشئەل كوتەرمەي ھىچ نىمە پۇتمەس.

## 253

تارازۇ بولمىغۇنچە ھەق ۋە ناھەق ئاشكار بولماس،
تارازۇ يۇلتۇزسىز كوكتە تەڭپۇڭ بەرقارار بولماس.
قاراپ كوك گۇلشىنىگە تولدى قەلبىم زەۋقى شەيداغا،
ئۇنىڭسىز كەڭ زىمىنگە خاسىيەتلىك نەۋ باھار بولماس.

## 254

پەلەككە قول ئۇزاتما، شەمئى ئەنۋەرنى ئېلىپ بولماس،
دىلىڭدا بولمىسا ئەينەك جاھان ھالىن بىلىپ بولماس.
مەگەر قەلبىڭدە نۇر بەرق ئەيلىسە ھوسنۇڭدە نۇر چاقنار،
بۇ نۇرسىز لەيلى رەڭ ئالەمدە ھىچ ئىشنى قىلىپ بولماس.

## 249

گۈزەللىك بولمىسا دىلدا، بەختنىڭ لەززىتى بولماس،
كۆڭۈل يۈكسەكلىگى سىز، سۆز ـ يۈزۈڭنىڭ ئىززىتى بولماس،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى سۆيمەك، سېنى سۆيگەي تۈمەنمىڭ ئەل،
جاھاننى دىلغا جا قىلساڭ، دىلىڭنىڭ كىر ـ دېغى بولماس.

## 250

غەزەلنىڭ جەۋھىرى دۇر ھېس، ئۇنىڭسىز چىن غەزەل بولماس.
تۈزۈپەۋ جۈملىلەر ئىبلىس تۈمەندىن بىر ئەمەل بولماس.
دىلىڭدا بولمىسا ئەكمىڭ خالايىق، نەزمە نەقىلسۇن؟
ئادالەت ئىپتىخارىڭسىز تىزىق ـ نەزمىڭ تۈگەل بولماس.

## 251

يىتىشمەي تاكى پۇرسەت، قەستى پىنھان ئاشكار بولماس،
ئۇنى كۈتمەك ئەجەپ مۇشكۈل، ئۇنىڭغا بىر قارار بولماس.
رەقىبلەر قەستىنى يەڭمەك ھاياتىڭ زىننىتى، پەخرى...
خۇشاللىق تۈرلىرى ئىچرە ئۇنىڭچە ئىپتىخار بولماس.

## 258

يامانلىق قىلمىغان ئادەم تاپار ھەر ئىشقا ئاسانلىق،
ئۇنى تەقلىت قىلالماس ئەمرى بىرلە شاھى - سۇلتانلىق،
ئۇرۇق چاچ ياخشىلىقتىن، بەرسۇل ئاپتاپتا قالساڭمۇ،
كىشىلىك رەھمىتىدىن بولغۇسى ئۇمرۇڭ باراقسانلىق...

## 259

ھايات تاتلىق، ھاياتلىققا يېتەلمەس، بولسا ھەر تاتلىق،
ھاياتلىق پەيتىنى قەستلەپ قازا يۇرمىش قارا ئاتلىق،
ھايات لەززەتلىرى ئىچرە ئۇزىن بىلمەك بۇيۇك لەززەت،
نەقىلسۇن قەلبى ئەمالار ئارا ۋىجداندا ئاباتلىق!

## 260

دىمە سەن نەپسى شەيتاننى جاھاندا بەختۇ - ئامەتلىك،
ئۇنىڭ رەڭۋازلىقىنى بىلمىگىن شۇنچە كارامەتلىك...
يىراقتىن گەر سىنى ئول قىلسىمۇ جادۇ بىلەن مەپتۇن،
يولۇقما كوكسىدە يالقۇنى ئەژدەرھا ھالاكەتلىك.

## 255

قەلەم ئېيتار: ۋۇجۇدۇمدا خۇنۇك، نۇر ئىككىسى پەيۋەس،
مەگەر يۈكسەك دىسەڭ يۈكسەك، ئەگەر پەسكەش دىسەڭ پەسكەش.
مېنىڭ دەۋرانى لەپزىمگە تەپەككۇر رەھنەما، ھاكىم...
مەگەر قاتىل دىسەڭ قاتىل، ئەگەر دىلكەش دىسەڭ دىلكەش.

## 256

ئاتاسىزلىق، ئاناسىزلىقتا باشىم موپتىلا بولمىش،
پېقىرلىقنىڭ توپەيلىدىن يۈرەك باغرىمغا قان تولمىش.
كۆزۈم سەندە، قولۇم مەيدە، دىلىمدا مەۋج ئۇرار سۆيگۈك،
پەلەكنىڭ كاجلىغى غۇنچەم ئېچىلماي ھىچ، بىغىم سولمىش.

## 257

كۆزۈڭدە قەھرىلىك چاقماق، ئاقار مەڭزىڭدە يامغۇر ياش،
كى شەبنەم تىترىگەن بەرگىتەك يۈزۈڭدە يالتىرار ئۇتقاش.
بەئەينى تالى مەجنۇندەك، شامال سەرسانى سۇمبۇل چاچ،
گۆرۈلدەپ تەۋرىدى ئالەم ساڭا بولغان كەبى ھەمداش.

## 264

مۇھەببەت تويىغا سەۋزى تېنىمنى سەن قەلەم قىلدىڭ،
ساداقەت شەجرىگە قاش، كىرپىگىڭنى ھەم قەلەم قىلدىڭ،
لىۋىڭدە مەس قىلىپ، جەڭگە ئېتەگىڭنى ئەلەم قىلدىڭ،
قىلىپ بەنت ئىشقى زىندانىڭ ئارا ئاخىر ئەلەم قىلدىڭ.

## 265

ئۆمۈر گۈلشەنلىرىڭ ئەلۋەك، خەلقنى دىلغا جا ئەتسەڭ،
كۆڭۈل ئەينەكلىرىڭ روشەن، ئىلىمگە ئىلتىجا ئەتسەڭ.
سائادەت ئول سائادەتنى ئۇتۇنۇمەك بىرلە بولغاي تەل...
سۇلايمان ئامىتىڭ بەربات... ھەسەتنى مۇددىا ئەتسەڭ.㉒

## 266

نېچۈن ئاغۇ دىلى بىلمەم، كوزى ئاھۇ لاتاپەتلىك،
نېچۈن قەلبىدە رەشىك (12) ھاكىم، كى تۇرقى پىل سالاپەتلىك.
ئەشۇ زەھ ئالەمنىڭ ۋەجى، تىرۇيا چوكتى چوك جەڭگە، ㉓
ئۇنۇتماڭ ئۇرىغى شۇم نەپسىدۇر دۇنيادا ئاپەتلىك.

## 261

ئەقىل مىزانىنى بۇزدۇڭ كۈلۈپ گۈلدىن تۇغۇلغاندەك،
گۈزەللىكتىن جاۋاھىر توك بېشىمغا سۇ قۇيۇلغاندەك.
ئەگەردە بىر كوڭۈل بولسەڭ مېنى مەڭزىڭدە مېھمان قىل
تەبەسسۇم چاقمىغىڭ بىرلە يېرىلسۇن دىلمۇ ۋولقاندەك.

## 262

خىيالىم كوكىدە بار بىر پەرىنىڭ ھوسنى چولپاندەك.
ئۇنى كورگەندە بەرگىسىم تىترىگەي شەبنەمگە تولغاندەك،
ئېتىنىڭ ھەربىرى قوش ئۇنچە تۇرار ياقۇت تاۋاق ئىچرە،
ۋىسالى شاتلىغى ئىنئام ماڭا بىر تەختى سۇلتاندەك.

## 263

غېرىپلىق، خارلىق دەردىن دىلى بىماردىن سورماڭ،
نومۇس نازۇكلۇغىنى بىنومۇس- بىماردىن سورماڭ.
پاراغەت ئەركىسى غۇربەتلى مۇز دەرياسىنى بىلمەس،
ھاياتلىق قەدرىنى ئەسلا ئۆلۈمنىڭ داردىن سورماڭ.

### 270

يېڭىغا تىغ ئېسىپ يۈرمەك ئەمەس ئۇ، بەلگىسى قانىنىڭ،
دىلىدا رەشىك ساقلانسا، ھۆلى تەۋرەيدۇ ئىمانىنىڭ.(13)
تۇغۇلماق ھەمدە ئۆلمەكتە نە قۇلدىن پەرقى بار خانىنىڭ،
پەقەت نەپسانىيەت زامىن بولۇر شەنىگە ئىنسانىنىڭ.

### 271

ئۆزەڭنى ئوينىتىپ گۈلىنار، ئومۇرلۇك بىر بالا قىلدىڭ،
بېرىپ سەن باشتا ۋەدەڭنى، پىراقىقا مۇپتىلا قىلدىڭ،
قاراپ بىر جام، كۈلۈپ بىر جام، قىلىپ ناز بىھىساپ جاملەر —
بىلەن ئاخىر كوزۇڭنىڭ سېھرىگە بەنت — ئاشىنا قىلدىڭ.

### 272

بىزەپ ھوسنۇڭنى ھەر بىر تاڭدا ھەر رەڭ لالىزار ئەتتىڭ،
پىراقىڭ چاقمىغىنى كوپ چېقىپ، باغرىمنى زار ئەتتىڭ.
كوڭۇل بەرسەممۇ ھىكمەتكە، كىتابەتنى ئېتىپ مىھراپ،
كېچە - كۈندۈز خىيالىم ھەم چۈشۈمنى بىقەرار ئەتتىڭ.

## 267

غەزەللەر ئوقىنى ساز ياسى بىرلە ئاتقىلى كەلدىڭ،
تەپەككۇر ئوقىدەك دىلنىڭ قېتىغا پاتقىلى كەلدىڭ،
دىلى بىمارى ژىلۋىدزلەر تەقەززا ئەيلىسە ھەردەم،
ئۇلارغا بەرقۇۋۋەت سۇمرۇغ قاناتلار تاققىلى كەلدىڭ!

## 268

قىيا باقىپ ۋۇجۇت دۇتارىنىڭ دىلتارىنى چەكتىڭ،
تەبەسسۇم بىرلە شات ئەيلەپ، كوڭۇل رەپتارىنى چەكتىڭ،
چۇشۇمدە ئۇشبۇ مەڭزىمگە لېۋىڭ ئانارىنى چەكتىڭ،
قىلىپ جادۇ دىماغىمغا خوتەن ئىپارىنى چەكتىڭ.

## 269

رەقىپىڭ ھەر ۋاقىت رەشكى كوزى ئۇستىدە نوقسانىڭ،
كى شەپقەت ئۇنتۇلۇر، ئازار قالۇر قەلبىدە ئىنسانىڭ.
چىرايلىق بولسىمۇ مەشۇت غوزەك ئۇ — كېپىنەك قەۋرى،
قۇلۇلە بولسىمۇ گەر سەت، ماكانى ئۇنچە - مارجانىڭ.㉔

## 276

تىرىك جاننى تىرىك ئالغان پەرىزات رەڭلىك ئەزرائىل،
ياساپتۇ نەققاشى ئالەم سېنى بىر زەر سەنەم كامىل.
بېھىش ھۆسنۈڭ كۆرۈپ بولدى مۇقەررەر ھەركۆڭۈل قايىل،
بىراق، بىلمەم لەۋىڭنىڭ چەشمىسىگە كىم بولۇر نائىل؟

## 277

نە ئىسكەندەر، نە دارا بىرلە چىڭگىز ياكى شاھپايىمال،
تۆمۈرۈ، بابۇر، قۇبلەي، قازان ھەر سەلتەنەت موغال،(16)
ئېرىقتۇر ئاتلاپ ئۆتمەككە، جىمى شاھانىلىق قەسرى،
يولۇمنى توستى بىر دەرۋىش قويۇپ توپان سۈپەت سوئال.

## 278

گۈلاپ ئېچكەن بىلەن قۇزغۇن، بولالماس ھېچقاچان بۇلبۇل،
ئۆنىڭ زەۋقىدە قان زاھىر، نەقىلسۇن لالە ھەم سۇمبۇل!؟
جاھان ئىسمەتلىرى كۆپ... ناگىھان بۇلبۇل قەپەسكە بەنت،
رىيا تەقۋا(17) بىلەن قۇزغۇن قىلۇر گۈلشەن ئارا غۇلغۇل.

## 273

ئېيتىپ لۇتپ، نەزمىدىن ئەي لۇتپىسەن، لەبزىبىنى قەنت قىلدىڭ.
خوتەن ئاھۇسىنى كۆيلەپ، كۆزى ئاھۇغا بەنت قىلدىڭ.
كى "گۇل، نەۋرۇز" قوشۇنىدەك ھىلاكەت سالسىمۇ قاشى، (14)
قەلەمنىڭ كۈچى ـ لە، يار كۆكسىنى مىسكىنگە كەنت قىلدىڭ.

## 274

سىنىڭ ھىجرىڭدە قان يۇتتۇم ئېزىزىم بىر كېلىپ كۆرگىل،
ۋىسالىڭ شەربەتىدىن بىر قەدەھ مەيىنى بېرىپ كۆرگىل.
ئەگەر ئىشقىڭ ئارا ئالەم ماڭا ئاخىر كېپەن ياپسا،
ئېيتىپ رىشتەمنى تارە، جىسمى دۇتارىم چېلىپ كۆرگىل.

## 275

گۈزەل قۇش! نەغمىگە مەپتۇن ئىكەنسەن باغۇ ـ بوستان قىل!
تىلىڭ قەقنۇسچە بولماقتا فۇنۇن (15) كۆكىمدە جەۋلان قىل!
پۇشايمان ئەيلىگىن تۇلپار تۇۋاق باسقان چىمەنگاھىڭنى،
نازاكەتنىڭ مۇرەببىي ـ باغۋەنى بولماقنى ئارمان قىل!

## 282

تېنىم زەنجىر تۇپەيلى شاھى خىسراۋدىن ئاقار قانىم،
غورۇر بۇ، سەن ئۇچۇن شىرىن، شۇڭا يوق قىلچە ئارمانىم.
كوزىدە كىبرىسى مەلئۇن، ماڭا بەھىسلىك سوئال تاشلار،
پاراغەت شاھىدىن غالىپ، مۇھەببەت ئىچرە ۋىژدانىم.

## 283

تەشەككۈرغا تىلىم ئاجىز كېلىپ سىزگە شاراپ تۇتتۇم،
ئۇنىڭ ھەرقەترەسىنى سىنەئى دىلدىن ئاتاپ تۇتتۇم.
ئەگەردە مەي بىلەن قەلبىمنى كورمەك بولسىڭىز روشەن،
ئىقىدەم يالقۇنىدا ئاشۇ قەلبىمدىن كاۋاپ تۇتتۇم.

## 284

ئۇلۇق خاھىش بىلەن ئاقسۇن ئاياغىڭنىڭ ئاستىغا قانىم،
كى تۇپراق ئاستىدا كورسەممۇ بەختىڭنى قەدىردانىم...
شەپەق، ئاسماندا ھۆردەك بەلەن پەرۋاز بىلەن ئۇچساڭ،
نىچۇن كۈلمەس قۇچۇپ شەبنەم، لەھەت ئۈستىدە رەيھانىم.

## 279

كويۈپ چوغ ئۈستىدە سەندەل تېنىم، دەۋراننى ئوتكەزدىم،
كى سەييات ئالدىدا بولغاچ ئىپارىم دەشتۇ-چول كەزدىم.
ژىپەك بەرگەچكە بەنت بولدۇم قۇرۇتتەك مەن غوزەك ئىچرە،
يېنىپ شامدەك ئادا بولغان گۈزەللىك مەنىسىن سەزدىم.

## 280

گۈزەللىدىن ئايرىلىپ ھىجران ئوتىدا مەن ناۋا تۈزدۈم،
كوڭۈل چاقماقى بىرلە كوز يېشىمدا بىر ھاۋا تۈزدۈم؛
ئەگەردە ئوز گۈلىستانىم مېنى ئاجراتسا قوينىدىن،
بولۇتتەك ئايرىلىپ يەردىن پىغاندا بىر ساما تۈزدۈم.

## 281

سۈمەن قەددىڭنى بىر كورسەم، بىھوش ئىپارىدىن جىسمىم،
ئانار يۈزۈڭنى بىر سويسەم، بولۇر گۈلناردىن جىسمىم،
مەگەر كورمەي ۋە يا سويمەي خىيال قىلسام سېنى تەنھا،
يېنىق شامدەك تىكەر ياشىن پىراقىڭ زارىدىن جىسمىم.

## 288

مىسىر شاھىدىن ئەبزەلدۇر غېرىپ بولساممۇ كەنتىم،
سۇلايمان تەختىدىن يۈكسەك قاداق، دەرۋىش سۈپەت جادىم.
ساڭا كۆيمەك، سېنى سۆيمەك — ئەزەلدىن ئىپتىخارىم شۇ،
سېنىڭ ئىشقىڭدا جان بەرمەك — مېنىڭ قەلبىمدە ئىمانىم.

## 289

ئۈمىت ياشلىقتا، ياشلىقتا شەرەپتۇر بەرگۈلۈك ياردەم،
قېرىلىق لەززىتى — ياشلىق بېغىدا كۈلسە گۈل كۆركەم.
چىنار يېگانە قەد كەرسە، بارافشان بولمىغاي ئورمان،
راۋان بولماس ئېقىم دەريا، تۆمەنمىك چەشمىسىز ھەردەم.

## 290

ئۈمىت بىرلە ئۈمىتسىزلىك ئاراسىنى ماكان قىلسام،
خۇشاللىق بىرلە قايغۇنى ئۆزۈمگە ئىمتىھان قىلسام.
بۇ نىسبەتلىك جاھاننى ھەمچاچان "مۇتلەق" پىكىر قىلماي،
توپاڭنى تۇتنىيا ئەيلەپ، غۇرۇرنى ئاسمان قىلسام.

## 285

كېزىپ "خەمسەڭ"نى سۆز شاھى! گۈزەللىك تەختىنى كۆردۈم،
ئېقىپ ئۇ "چاھار ئوكيان" دا غەزەلخان بەختىنى كۆردۈم،
شىپا تاپتى ناۋا شەربەت بىلەن بۇ بى ناۋا قەلبىم...
ناۋايى نەزمىدىن ئاخىر كىشىلىك تەختىنى كۆردۈم (18).

## 286

مۇرەببەي يوق (19)، پاناسىزلىق ـ غېرىپلىقتا ئەسىر باشىم،
قولۇمدا يوق، شۇڭا يوقتۇر مېنىڭ قاشىمدا قولداشىم.
نىسىمۋەم يا مەلەك يامغۇرىغا ئۇلپەت بولۇش بەلكى...
كۆكەرمەسمۇ زىمىن ياكى كوزۇمدىن ئاقمىسا ياشىم؟

## 287

شاراپ داستىخانىدا مەي بىرلە نەزمە بولدى ئىلھامىم،
ئېزىزلەر ھۆرمىتىدىن لەرزىگە كەلدى شاراپ جامىم...
كىشى ئۆز ئۆمرىدە كۆرسە مۇشۇنداق نەچچە سوھبەتتىن،
دىسە ھەتكى كېتەردە قالمىدى كۆڭلۈمدە ئارمانىم.

## 294

تېشەر قالقاننى قاشىڭ ھەيلىسى جادۇ قىلىپ ھەر ئان،
لېۋىڭ چايقالسا گەر قەستە چېقىلغاي تاش سىپىل شۇئان.
چېچىڭنىڭ دولقۇنى مەپتۇن قىلۇر ھەر ئاق كۆڭۈللەرنى،
"ھاۋا" نى ئازدۇرۇپ چىققان يۈزۈڭنىڭ ئالمىسى شەيتان[26].

## 295

قارا كۆز باق كۆزۈمگە، نۇرى چەشمەڭ تۇتىيا بولسۇن،
لېۋىڭگە شەربىتىڭ تامغۇز! جۇنۇنىمغا داۋا بولسۇن.
تەسەددۇق ئەيلىبان جان راھەتىڭدىن سۆزلىسەم راستۇر،
مەگەر لەبزىڭ دىسەڭ يالغان ئاڭا كۆزۈم گۇۋا بولسۇن.

## 296

كەچۈرگەيسىز گۇناھىمنى مەگەر چوڭ بولسا باشىمدىن،
كۆڭۈل رەنجىنى يۇغايسىز، توكۇلگەن ئۇنچى ياشىمدىن.
يوشۇرسا ھۆسنىنى ئاي، قىلمىغايمەن ئانچە پەرۋا ھىچ،
تىلەرمەن تۈن - سەھەر قىلما جۇدا دەپ چىن قۇياشىمدىن.

## 291

سابا ئاتىغا مىن شائىر، شەپەق ئۈستىگە تون ياپسۇن،
غەزەلدىن چايقىلىپ نۇردا سامان يول ۋادىسى ئاقسۇن(20)،
زەمىندا پاك ئاياغىڭغا چىمەنگاھ مەگزىنى ياقسۇن،
ساما تەختىدە خاقانسەن، ھۆكەر باشىڭغا تاج تاقسۇن.

## 292

ئىشىڭ شەرت ئەتسە "پۇل سىرات" ئۇنى دادىل بېسىپ ئۆتكىن㉕،
جاپا دەر ياسىدىن غالىپ ئۇچۇملاپ دۇر(21) ئېلىپ ئۆتكىن.
سىنىڭ ئالدىڭدا ھەتتا تۇرسا شىرىن قەددى يا، خىسراۋ،
ھولۇقماي، نائۈمىت بولماي راۋابىڭنى چېلىپ ئۆتكىن.

## 293

يۈرەك بولسا، ئۇنىڭ ئالەم ئارا دىل رىشتىسى بولسۇن،
ئەشۇ دىل رىشتىسى بىرلەن چېكىلگەن كەشتىسى بولسۇن؛
ئۇنى تاج ئورنىدا باشىڭغا ئارتىپ سەن تەمەننا قىل،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگە قەلبىڭدە يانا كۆرمىڭ كىشى بولسۇن.

## 300

تەكەببۇر قىلمىغىن ھەرگىز، سېنىڭدەك كۆرمىگى ئۆتكەن،
ئۇ كۆرمىگلار تورەلمەيمۇ جاھان چەرخى داۋام ئەتكەن...
تەكەببۇرلۇق — كىشىلىك ئالتۇنىغا مىسلى لاك سۈرتمەك.
تەكەببۇرلەر ئەزەلدىن خاھىشىنىڭ ئەكسىگە يەتكەن.

## 301

مۇشەققەت تاغى باشىمدا، بىراق پەريادى ئەتمەسمەن،
كى "ئىستىغپار" بىلەن ئىشرەت كورۇشنى يادى ئەتمەسمەن،
ھاياتىم نامەسى ئاشكار ماڭا ئاردۇر سىرى پىنھان،
ئەچىشكە شەربىتى ئامەت، قىسىپ كوز جادى ئەتمەسمەن.

## 302

بەختسىز سويگۇ ئەلادۇر، مۇھەببەتسىز سائادەتتىن،
بەختلىك تۇرمۇشۇڭ-ناپاك جۇدا بولسا سادافەتتىن،
سادافەت جامىدا مەي ئىچ، مۇشەققەت كانىدىن زەرقاز،
كىشىلىك ئەركى—يۈكسەك تەخت غۇرۇرى يوق ئىناۋەتتىن.

## 297

قەپەزدە سايرىغان بۇلبۇل نېچۈن شات نەغمىلەر ئەتسۇن،
تۇسۇق ئىچرە تۇسالغان تۇز، نەخالاپ قەدنى كۇرسەتسۇن،
باھارسىز گۇل-چېچەكلەر چاچمىغاي خۇش ئەترە رەيھانىنى،
گۈزەللىك كەلگۈسى چىنلىق، كېرەملىك ۋايىغا يەتسۇن.

## 298

ۋىسالىڭ يولىغا چىقسام، ئۈزۈمنى توختىتالماسمەن،
جاھانسازلىق يولىدا گەر ئېرىق بولسا ئۆتەلمەسمەن،
سېنىڭ رىشتىڭ يۈرەك تارىنى تارتىپ تۇرسىمۇ ماڭ يىل،
كى ئىنسانلىقنى توپەيلىدىن سېنى ئارتۇق كۆتەلمەسمەن.

## 299

كىرىستال تەنلىرىڭ ياقۇت، جاھان شۇندىن نىجات تاپقان،
ئانار باغىڭدا زوق ئەيلەپ، يانا لاچىن قانات قاققان.
تېرەن زېمىنىڭ بىلەن سالغىن نەزەر خۇنابى بۇ دەيگە؛
ئۇنىڭ ھەر شىشەسىگە ئەسىرلەرنىڭ قانلىرى ئاققان.

## 306

ۋەلىلىك زېھنىمنى مەجنۇن قىلارنىڭ ماھىرى خوتۇن،
ئەگەر دە تاج دىسەڭ تاجدۇر، مەگەر ئۇتۇن دىسەڭ ئۇتۇن.
بولۇپ ھەيران ئۆزۈم ئول كۆلسە كۆلگەي جىسمى ئۇريانىم،
كوزدە تۇرسا گەر شەبنەم بۇ جىسىمدىن توكۇلگەي خۇن.

## 307

بولۇپ جادۇ كوزۇڭنىڭ تۇتقۇنى دىلبەر، يوقالغانمەن،
ئۆزۈمنى ئاختىرىپ تاپسام چېچەك بوستانغا تولغانمەن.
تەقەززا ئەيلىمەس بۇلبۇل كەبى كوڭلۇم قەپەزنى سىچ...
قىزىلگۈل دەپ، تىكەننىڭ دەستىدىن قانغا بويالغانمەن.

## 308

سېنىڭ ئوقيالىرىڭ قىلدى تېنىمنى تۇزۇتۇپ ۋەيران،
شىپا قىلما تئۇپ بەس! ئول بولۇپ قالسۇن ساداق ئورمان
سېنىڭ ئەپسۇنلىرىڭ گويا قىلمچتەك تىلدى سىنەمنى،
يارامنى تىكمە: قان دەرياسىدىن ئۆزسۇن كىمەڭ ھەريان.

## 303

سېزەمسەن دىلبىرىم كەلدى باھار ئاۋازى ھەرياندىن،
زامانەم مۇترىبى چالدى، مۇقامنى يېڭى دەۋراندىن.
بەختىنىڭ توز قۇشى ئاچتى جىلالىق ھوسنىنى ھەيھات،
بىزەكلە كەڭ دىيارىڭنى دىگەندەك ئىلمۇ - ئىرپاندىن.

## 304

دىلىڭ قايغۇغا چۆككەندە، غۇرۇرنىڭ كەپتىرى بولغىن،
خۇشاللىق ئاشىيانەڭدۇر، چىمەننىڭ كەپتىرى بولغىن.
مەئىشەت ياكى ھەسرەت بىرلە غەرق ئەتمە بۇ ئۆمرۈڭنى،
جاھان ئەھۋاللىرى ئۆزرە تەپەككۇر دەپتىرى بولغىن.

## 305

جۇدا قىلما گوھەر - ياقۇتىنى چاقماق نۇر ھوزۇرىدىن...
قورام تاشتىن نە پەرق ئەتكەي، ئەگەر ئايرىلسا نۇرىدىن!؟
جۇدا قىلما مېنى گاھ غۇربەتۇ، گاھ دولىتىڭدىن ھېچ،
كىشىلىك شەنىنىڭ نۇرى — ئۈمىت شەمئى غۇرۇرىدىن.

## 312

قېشىڭنىڭ تىغ ئۇچى گويا بۇ كۆكسۈمگە قادالغانمۇ؟
يۈزۈڭنىڭ غۇنچىسى ئاققان قېنىم بىرلە بويالغانمۇ؟
بېلىق جىسمىمنى رەھمەتمەي چېچىڭ تورىغا ئالغانمۇ؟
بولۇپ بەنت بۇلبۇلى ئەركىم قەپەز-دامىڭدا قالغانمۇ؟

## 313

قاراپ قانماي قارا چاچىڭغا باقتىم كۆنچىسى بارمۇ؟
جاھاندا يۈزلۈرۈڭدەك گۈل ئىچىدە غۇنچىسى بارمۇ؟
ئۆزۈڭ گويا بۇ ئىشتىن بىخەۋەردەك سۇ بىلەن مەشغۇل،
ۋە ياكى كول سۈيىنىڭ بىباھا زەر-ئۈنچىسى بارمۇ؟

## 314

مېنىڭ قەلبى شىكەستەمگە سېنىڭدە بىر داۋا يوقمۇ؟
قېشى سەييات ئۈچۈن سەيياھقا رەھمەتمەك راۋا يوقمۇ؟
كوڭۈل ئەسرارىغا ھېچ بولمىدۇڭ ئۆمرۈمدە بىر سىرداش،
پىراق تاغىدا پەرھات زار، ئاڭا شىرىن سابا يوقمۇ؟

## 309

پۈتۈگىنىڭ ئاستىدا گۆھەر، ئۈنى ئەما تاپالماسسەن،
ئەگەر تاپساڭمۇ رەختىنىڭ يوق ھەسەت كۆزدىن ياپالماس سەن.
باھاسىز نادىر ئالماستەك ۋۇجۇدۇڭ چايقىلۇر ياشتا،
ئاتا قىلغاندا نۇر شەمئى چىراغىڭ تار ياقالماس سەن.

## 310

غازاڭمەن شائىرىم! نەزمەڭ ئەزىم دەريا، چوكەلمەسمەن،
تاۋاقلاپ ئۈنچە-مارجاننى بۇ پەشتاقتىن توكەلمەسمەن.
شەپەقتەك بالقىساڭ كۆكتە يۇلتۇزتەك شۇنچىلىك پەس مەن،
قولۇڭنى تۇتمىساڭ رەببىم بۇ دەريادىن ئۆتەلمەسمەن.

## 311

ئۆمۈر جامىدا كۆز ياشى، ئاڭا شەربەت قۇيۇلماسمۇ؟
پەلەكنىڭ قەلبى تاشى چەشمىزارىمدىن ئويۇلماسمۇ؟
تەقەززا ئەيلىسە قان بىرلە يازماق تارىخى ئالەم،
قىيامەت بولغىچە بەھرى مۇھىت پاك قانغا تولماسمۇ؟

## 318

يىقىندىن مۇڭدىشىپ ئىچتىم شىپا ئىزلەپ تىرەن دەرتكە.
تەپەككۇر كېمىسى چىقتى بۇگۈن دەريايى زۇمرەتكە.
كوتەر زوقۇڭ بىلەن جامنى، تەسەۋۋۇر ئۇ ئەجەپ ھادىس
يېنىپ مەي جامىدىن مەشئەل، ئىشىك ئاچقاي سائادەتكە.

## 319

غۇرۇر — ئۇ، خەسلىتى ئىنسان، ئۇنىڭ نۇر بەرقى سەنئەتتە،(22)
خۇشامەت ھەم خۇراپات... ئۇخلىتار ئىنسانىنى غەپلەتتە...
تاماگەرلىك بىلەن قەقنۇس بولۇشنى قىلغىچە ئەرمان،
جامائەت بىرلە لاچىنلىق ساماسىن ئۇينا جۈرئەتتە.

## 320

كوزۈڭنى ئەيلىگىن روشەن، قۇياشنىڭ شەمئى ئۇچكەندە،
جاھانغا قاپ-قارا لەيلى گۈلىنىڭ بەرگى چۈشكەندە،
چويۇن كوكسۈڭنى رۇس ئەيلەپ، كۆلۈشنى سەن غۇرۇر بىلگىن،
جاپا تاغى، چىچىپ تاش قەھرىنى باشىڭغا كوچكەندە.

## 315

تېنىڭ گويا سېنىڭ ئۈنچە بىلەن زەردىن ياسالغانمۇ؟
يۈزۈڭ ئەرش چەشمىسى بولغان شەپەقتىن رەڭنى ئالغانمۇ؟
سېنىڭ كۆكسۈڭگە ھېكمەتلىك يۈرەكنى تەڭرى سالغانمۇ؟
بولۇپ مەسخۇشلىقىڭدىن ئۆتتى ئۆمرۈم... راستمۇ، يالغانمۇ؟

## 316

بىرى مەي، بىرسى دىۋان قەدرى ئاشقان ئۇل كۆمۈلگۈنچە،
بىرى دان، بىرىسى فان ھوسلى ئاشار يەرگە تۆكۈلگۈنچە...
سابا ئىلھامىدا كۈيلە، يۈرەك ئىشقىڭنى داستان قىل،
كۈتۈپ ئۆتكۈزمە ئۆمرۈڭنى نادان نۇرغا چۆمۈلگۈنچە.

## 317

پىراق ئوتى بالا قىلدى مېنىڭ غۇربەتلى جانىمگە،
بېسىپ كىردى ئۇنىڭ ھەر قاتىلى ھەر قەترە قانىمگە.
ئېلىپ تاجىمنى كەيدۈردى بېشىمغا تاجى مۇھتاجلىق،
مېنى كورسەتتى خار ئەيلەپ، ئۇياتلىق قەدىردانىمگە.

## 324

كىيىپ ئاتۇشچە چەكمەننى، كىلىپسىز شەھەرى ماچىنگە،
كىيىن بەقىيەم خوتەندىن ھەم، شېئرنىڭ بەھرىسى - چىنىمگە.
ئەگەر دولقۇنلىرى غەرق ئەتسە مەيلى ئۇل زەلىلىنىڭ(27)،
قىلور چورتانلىرى مېھمان سىلىپ مىسرانىنى زەرقىنگە(23)

## 325

ئەترگۈل غۇنچىڭىز يۇمران، سولاشماس بەرگى ھېچ غەمدە،
ئەقىلنىڭ غەزنىسى بىرلە يۇرەكنىڭ رىشتى ھەمدەمدە...
كۆڭلۈڭ دىلبەر ياراتقان بىزنى ئالەم مەڭگۈ كۈلمەككە،
يۇيۇلماقتىن ئامان بولسۇن كۆزىڭىز قەترە شەبنەمدە.

## 326

زۇۋانسىز تال - ياغاچ ناخشا ئوقۇيدۇ ئوتتا كويگەندە،
شۇئىرلاپ مۇڭدىشار ياڭغۇر ئېزىز تۇپراقنى سۆيگەندە.
كى بىلتە بولما ساتقۇن پورۇخ پەرياتىمۇ چەكمەستى،
ئولۇم مەپتۇنى پەرۋانە چىراق ئەژدارى كۆيگەندە.

321

ئۆلۈمدىن قەرز ئېلىپ بۇ جاننى كەلدىم ئۇشبۇ ئالەمگە،
ئۆلۈمنى سىڭدۈرۈپ ئۆتتۈم ھاياتىم ئىچرە ھەر دەمگە.
ماڭا يۈكسەك، ئۇلۇغ تاڭ ئىشقىدا پەرۋانىدەك ئۆلمەك،
ھاياتلىق يا ئۆلۈمدىن پەخىرلەر قاتماقتا كۆلكەمگە.

322

ھىدايەت غەزنىڭىز چەكسىز، ئاڭا قەرزىم بۇ يەلكەمدە،
سېزەرمەن سەيلىتىپ قەدرىن، پىكىر بەھرىدە يەلكەندە،
ئەزىزىم يەلپۈنەر بولسا سابادىن ھۆسنىڭىز گۈلدەك،
ناۋا ئىلھامى دولقۇنلار مېنىڭ شۇ چاغدا سىنەمدە.

323

جاھان خۇرشىتلىرى يەتمەس سېنىڭ خۇرشىت چىرايىڭگە،
نېچۈن سەن بولمىدىڭ دەرمان مېنىڭ قەلبىمگە، دەردىمگە؟
چېلىپ ئىشقىڭدا مەن دۇتار ئۈزۈلدى تارىسى ئاخىر،
كۆلۈپ بىر باقمىدىڭ جانان مېنىڭ قىلغان بۇ ئەجرىمگە.

## 330

سېزەرمەن كورگىنىمدە ئۆزگىلەر دەردىنى دەردىمنى،
بىلۈرمەن جان پىدا قىلماق نېسىپ بولانىدا قەدرىمنى.
ماڭا يوقتۇر ئۇنى كورمەس بولۇشتىن ئۆزگە ئارسىزلىق،
بىزەپ كوز قويسىمۇ ھەتتا قىزىل ياقۇتتا بەرگىمنى.

## 331

گۈزەللىك قۇدرىتى جىسمىڭنى شۇنچە لالىزار ئەتتى،
سۈيۈش جادوسىدىن بۇلبۇل چىمەنگە ئىختىيار ئەتتى،
كىشى روھى تەسەۋۋۇر كوكىدە بولسا جاھان شاھى،
ئۇنى غۇربەت قەپەز گاھى تېرىقتا ئىنتىزار ئەتتى.

## 332

يۈزى ئىككى كىشىلەر كەم بىلىپ، بىر يۈزگە شوھرەتنى،
تاپار ئاخىر قارا يۈز دەپ ئاقارماس مەڭگو ئىللەتنى.
مەگەر رەنايىلەر كۈلسە ياراشقاي ناز، تەبەسسۇملەر،
بىجا قىلماغلىقى مۇشكۇل دىۋىلەر خۇلقى سۆلكەتنى.

## 327

بويۇم ئاخىر پۈكۈلدى تەلمۈرۈپ نۇرانە پەسلىڭگە،
دىلىم ئارمان بىلەن تولدى، ئېرىشمەي غۇنچە ۋەسلىڭگە.
چېكىپ رەنجىنى ئالەمنىڭ چۈشەندى تەكتىگە كۆڭلۈم،
پەرى رەڭلىك گۈدەكلەر ئەرمىگى شەيتانۇ - ئەسلىڭگە.

## 328

يىراقتىن كۆرگىلى كەلدىم سېنى دوستۇم زىيارەتكە،
بەئەينى كىرگىنىمدەك بىگۇناھلار قەسرى جەننەتكە.
كۆتەر، ئاخىرقى جام مەينى، سېنى كۈتمەكتە سۈمرۈق ئىچ،
قىلىپ جەۋلان كۆڭۈلدە قويمىغىن بوشلۇق خىيالەتكە.

## 339

سۆيۈپ ئۆتسەم باھار يامغۇرىدەك بۇ كەڭ دىيارىمنى،
شەپەقتەك سەيلىتىپ كۆرسەم جۇلالىق لالىزارىمنى.
ئېقىپ تاغ سۈيىدەك ھەر بىر گىياغا ئۈنچىلەر تاقسام،
پايانداز ئەيلىسەم باسقان ئىزىڭگە روزىگارىمنى.

## 336

پىراقىڭ ئوتلىرى شام قىلدى ئورتەپ تەن بىلەن جاننى،
يېنىق شامدەك تاراملاپ تولدۇرۇر بۇ سىنە شامداننى...
كى پىرقەت ئاخىرى غۇربەت سىياسىغا قوشۇپ قانىم،
ۋۇجۇدۇمدىن ياساپ چىقتى قەلەمپەي ھەم قەلەمدان(26)نى.

## 337

روداكى نەزمىنى ماختاپ، ئەلىشىر قەدرىنى بىلمەي،
ھۇسەينى سەزمىگەن زەر جامدا بابۇر ئىچتى شەربەت مەي.(28)
مۇنەللىپ ئوتتى پىرقەتتە، ئۇنىڭ نەزمى ھۆكەر بولدى،
چۇشەنمەسسەنكى مەشرەپنى، قەلەندەر پەرقىنى بىلمەي.

## 338

قەدىرلەپ مەي كوتەرگىن، كورگىنىڭدە ئەھلى پىرقەتنى،
جۇدۇن مولدۇرلىرى تاققان ئۇنىڭ بويىنىغا زىننەتنى.
تېپىش تەس، باغى پىردەۋسى بىلەن شەھرى پەرىزاتتىن،
بوران ئۇچقۇنلىرىدىن ھوسنى تاپقان مۇنچە زىننەتنى.

## 333

ماڭا پات - پات شاراپتىن ئىلتىپاتنى ئەتكىنىڭ ياخشى،
كوڭۈللەر ھۆرمىتىنىڭ قەدرىنى ياد ئەتكىنىڭ ياخشى،
قىزىل شەربەت، قىزىل قان بىرلە بولغاي رەنجىمە دەرمان.
دىسەڭ تېز - تېز ئۈنى سىنەڭ قېتىغا قاتقىنىڭ ياخشى.

## 334

تۇزۇتتۇڭ قايسى دەرگاھدا ئۆمۈردىن ياش باھارىمنى،
ئېقىتتىڭ كوز يېشى سېلابىغە، گۈل روزى - گارىمنى.
ماڭا زاھىد قىلىپ سەن بۇ جاھاندا ئول قىيامەتنى،
زامان بەركەردىسى(24) قىلدىڭ نومۇسۇ - پەخرى - ئارىمنى.

## 335

ئۈنىڭ ئايدەك جامالىدىن جاھان نۇر ئەكسىنى تاپتى،
قىلىپ تەقلىت چىمەنزارتىغا گۈل ھەم ھوسنىنى تاپتى.
مادايى نازىدىن دىل رىشتىسىنى جەزب ئېتەر مۇڭ ساز،
تەئەججۈپ، گۈل تەۋەللۇتگاھ(25) قىلىپ چول كوكسىنى تاپتى.

## 342

باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەي، سېنىڭ بوستانلىغىڭ قايسى؟
كوڭۇلنىڭ دەردىنى بىلمەي، سېنىڭ جانانلىغىڭ قايسى؟
ئەقىدە ئۇ، نامازدۇر—جاي نامازسىز ھەم بىجا بولغان،
ساداقەت ئەجرىنى بىلمەي، گۇزەل ئىنسانلىغىڭ قايسى؟

## 343

يىراقىڭ ئوتلىرى ئابادى قىلسا گەر جەھەننەمنى،
رىزا مەن سەن بىلەن ئۇندا ئادا قىلماققا ھەردەمنى.
سېنىڭسىز جەننەتۇ-دەۋزەخ ماڭا بىر نامدۇر،
سېنى مىزان قىلىپ پەرق ئەيلىگەيمەن قايغۇ، كۇلكەمنى.

## 344

دىلى قەست بىرلە تولغانلار، بىلەلمەس رەھنامالىقنى،
يېقىننى يات بىلىپ تۇتقاي يىراقتىن ئاشنالىقنى...
قوياش ئاپتاۋسىز، يۇلتۇز بىلەن ئالەم باھار بولماس،
ۋاپاسىزلىق بىلەن تەرك ئەيلىمەك تەس بىۋاپالىقنى.

## 339

كۆرۈڭ دىلبەر، ۋۇجۇدۇم جام، ئىچەرمەن لالەرەڭ مەينى،
قاراڭ مەجنۇن كۆزۈمدە مەۋج ئۇرار مەي مىسلى ئول لەيلى...
بولۇپ جەننەت مۇشۇ گۈلزار، ئۆزىڭىز غۇنچە - ھور ئەينى،
ئەگەر تۇپان بالاسى قوپسا مەيدىن سىز ئۈچۈن مەيلى.

## 340

ئۆرۈمسىز چاچلىرىڭ يەلكەڭدە نۇر دەريا بولۇپ ئاقتى،
گۈزەللىك مەپتۇنى بولغان كۆزۈم شۇ نۇرغا دەم باقتى.
كۆرۈپ ھەردەم جامالىڭنى تېنىم ھەيكەل كەبى قاتتى،
پىراقىڭ ئوتىدا بۈركۈت بولۇپ قەلبىم قانات قاقتى.

## 341

ئاتاڭ بىرلە ئاناڭ ـــ ئاي، كۈن... ياراتمىش نۇرى بەستىڭنى،
قويۇپتۇ ئۇستا قۇرئەنداز، ئاتاپ خۇش نازى ئىسمىڭنى.
تىلىڭ شەربەت بىلەن تولغاي، بۇ مەي بىرلە سۈيۈشكەندە،
ئۇنۇتما دىللىرى چوغلۇق ساڭا كۆيگەن غېرىبىڭنى!

## 348

شەپەق ھوسنىڭدە نەقىش ئەيلەپ پەرىشان روزىگارىمنى،
تۆكۈپ شەبنەم بىلەن گۈل قىل سولاشقان لالىزارىمنى.
كۆڭۈل رىشتەم بىلەن ئەشتىم سېنى كۈيلەشكە دىلتارى،
سېنىڭ شەنىڭگە سەرپ ئەتتىم يېگانە شامۇ بارىمنى.

## 359

ئەتىر گۈلدەك چىرايىڭغا بېقىپ، رەڭگىم چىلان بولدى،
تىكەن پايەك تۆپەيلىدىن مېنىڭ كوكسۇممۇ قان بولدى.
غازاڭ بولغاندا گۈل بەرگىڭ تېنىممۇ ئۇستىخان بولدى...
بورانلار قەھرىدىن ئاخىر بېغىم قۇملۇق ماكان بولدى.

## 350

كوزۈڭ يار بەختىمۇ ئەڭگۈشتەر، ئۇنى ساقلار قېشىڭ يايى،
كى قان بىرلە بويالمىشتۇر، رەشكچى سۆيگۈ دەرگايى.
ئىپارنىڭ تىلسىمى گويا سېنىڭ تۇندەك قارا ساچىڭ...
يۈزۈڭ — ئالەمگە شام ياققان "رامازان" ئىسپىنىڭ ئايى.

## 345

گۈزەل گۈلشەن ئارا گۈللەر تېرىپ، رەڭگىمۇ گۈل بولدى،
چىچەكلەر قوينىدا بۇلبۇلمۇ بۇندىن خوش كوڭۇل بولدى.
پىغانۇ - جەۋرىلەر پاتقان كوڭۇلگە پاتمىدى شاتلىق،
خوشاللىق كوز يېشىمدىن ھەممە گۈللەر بەرگى ھول بولدى.

## 346

سېنىڭ گۈلزار چىرايىڭدىن قۇشۇم بوستاننى تاپتى،
پايانسىز نۇرى زېھنىڭدىن ئەقىل جەۋلاننى تاپتى،
شۇڭا قونماس مېنىڭ ئۇستۇمگە غەمكىنلىك بۇلۇت ئەسلا،
دىلىم ئەل قەلبىدىن گويا غورۇرلۇق كاننى تاپتى.

## 347

تۇتالماسمەن ئېزىزىم! سۆيگۈدىن ئۇچقان خىيالىمنى،
تەئەججۇپ ئەيلىمەڭ كورگەچ، خازان بولغان جامالىمنى،
دىلىمنىڭ سوغىسى قىلسام، ياساپ شېھرىم بىلەن ھەيكەل،
بىلۇرسىز ئالما رەڭگىمگە سېرىق يەتكەن ئۇ ھالىمنى.

## 354

چىشىڭ چۈشكەندە سەن قىلما رودائقىدەك پۈشايمانىنى(27)،
قەدىرلە غۇنچە ياشلىقتا باھاسىز ئۈنچە - مارجانىنى!
ۋاقىت - قادىر قىلىشقا گۈر، چىچەكزار باغۇ - بوستانىنى،
كىتاپ قەۋرىدە يات ئاخىر مۇنار قىل نەزمى داستانىنى.

## 355

ماڭا قىسمەت ئىدى بىر سىر، ئۈنىڭ پالىنى ئەل ئاچتى،
ئادالەت زەر ئۈزۈككە كوز بولۇپ ياقۇت — لەھەل ئاچتى.
خوشال خەندان ئىتەرمەن، زوق ئىتەر كۆلكەڭمۇ بۇلبۇل
كورۈڭ پەرھادىغا شىرىن گۈزەل رەڭگىن تۈگەل ئاچتى

## 356

پىغانىم دۇتلىرى گويا بولۇتتەك توستى ئاسمانىنى،
پىراقىم ئوتلىرى ياقتى ساما باغرىغا گۈلخانىنى...
زىمىستاندا تورۇپمۇ نەۋ باھار زەۋقىدە بۇ بۇلبۇل،
تۇتۇپ نەشئەل ئوتەر ئەل ۋادىدىن كوردى گۈلۇستانىنى.

## 351

ئەقلىنىڭ مىۋىسىن ئۈزگەن ھاۋا تاپتى ھەقىقەتنى،
كۆرەشتە قايناغان ئالەم بىسىپ چۈشكەندە جەننەتنى...
ئېغىر زەنجىر ئارا كۈلگەي پىرومىتۇس㉙ ئەجەپ مەغرۇر،
كۆرۈپ چەكسىز مۇشەققەت ئىچرە چەكسىز شانۇ-شەۋكەتنى.

## 352

تەكەببۇرلۇقتا يەم قىلما كىشىلىك ئىپتىخارىڭنى،
كى قىلتاق قىلمىغىن ھەرگىز ناۋالىق سازۇ-تارىڭنى.
كۆزۈڭدىن ئاي ۋە كۈن نۇرى، لىۋىڭدىن چەشمىلەر ئاقسۇن،
ئەقىل قامۇسىدىن گەپ قىل، چىقارماي زۇلپىخارىڭنى!

## 353

گۈزەلگە ناگىھان باقسام، كۆزۈم بىر پادىشا بولدى،
يېقىنلار بۇ كۆزۈمگە، ئۇل تەۋەررۇك تۇتىيا بولدى!
كۆزۈمنىڭ تەختىدىن كىرپىك ئوقى ئاتقاندا باغرىمغا،
مۇھەببەت يالقۇنىدىن خەستە جىسمىم كىمىيا بولدى.

## 360

يۈزۈڭنىڭ شەمئىسىز ئالەم قارا زۇلپۇڭغا غەرق ئەتكەي،
كۆزۈڭ خۇرشىت ئاڭا، دىل مىسلى سەييار دەۋرى چەرق ئەتكەي.
مۇھەببەت ئاغۇسىدىن لەبزى جامىڭ بىرلە مەي ئىچسەم،
شۇ جامدىن كەۋسەر ئىچمەك بىرلە قانداق باشقا پەرق ئەتكەي!؟

## 361

چېچىڭنى يەپ قىلىپ تىزما، توكۇلگەن ئۈنچە، ياشىمنى،
كۆڭۈللەر باغىدا قويغىن گۇناسىز جىسمى، باشىمنى...
ئۈنىڭ ئىشقىنى شام ئەيلەپ، ئاڭا پەرۋانىدەك كۆيدۇم،
سەھىپەم بىرلە ئەل قەلبىگە ئۇرنات قەبرى تاشىمنى!

## 362

مەگەر ئامەتكە دۇچكەلسەڭ ئۇنى بى ئەجرى تەرك ئەتكىن،
مەگەر جەننەتكە دۇچكەلسەڭ ئەقدە بولمىسا كەتكىن.
مۇقەررەر ئالەمى دەۋۋار، سەۋەپسىز بولمىغاي ھادىس،
كورۇنگەن ھەر بىزەكلەرنىڭ تېگىدە زەڭ سىپاھ يەتكىن.

## 357

كۆرۈپ ھۆسنىڭنى تاش قەلبىم سىماپتەك ئېرىدى - ئاقتى،
گۈزەللىك ئىبلىسى تەقۋا تۆمۈر دەرۋازىسىن قاقتى.
كىتابىمنى يېپىپ، سەللەم قويۇپ باقسام بۇ گۈلشەنگە،
بۇزۇلغان شەھرى ئەپلاتۇن دىلىمدا ئوت - چېقىن چاقتى.

## 358

گىيا كۆك رەڭ بىلەن تۈستى تۆكۈلگەن بىگۇنا قاننى،
شەپەق جادۇ بىلەن كۆلدۈردى قات - قات لەيلى ئاسمانى.
تەپەككۈرنىڭ تۆپەيلىدىن كىشى روھى بېسىلماستۇر...
بىزەك يوق چىن سائادەتسىز گۈزەل قىلماققا ئىنسانىنى.

## 359

قارا كۆزۈڭ قاراسىدىن يوقاتتىم ھۇش - قارارىمنى،
تىلىم تىلسىز بولۇپ شول دەم ئۇنۇتتۇم سۆز سورارىمنى.
مېنى مۇشكۈلگە سالغان گۈل يۈزۈڭدە مۇشكى - ئەنبەر بۈيى(28)،
سېنىڭ باسقان ئىزىڭدۇر، گەر سورار بولساڭ بارارىمنى.

ئىزاھلار:

(1) سابا سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى.

(2) گۈرزا — قېدىمقى جەڭلەردە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قورال.

(3) گۈپتارا — پارسچە «سوزلىگۈچى» دېمەك، ئۇنى گۈپتارا «ئەي شاتۇتىدەك چىرايلىق گەپ قىلىدىغان گۈزەل!» دىگەن سوز.

(4) خامۇش — سوزلىمەيدىغان، شۇك ياكى، جىمغۇر دىگەن بولۇپ، بۇ يەردە ياۋاش دوتسىمان ئادەم مەنىسىدە كەلگەن

(5) شەمس — قۇياش

(6) كۇلبە — كىچىك ئوي، كەپە ياكى بىر بۇلۇڭ يەر.

(7) لىباس — ئىگىن - ئاياق،

(8) نايىپ — كونا پادىشا سارايلىرىدا يۇرگۈزىلگەن ھاكىمىيەت تۈزۈمىدىكى مەنسەپدارلىق.

(9) پاسىق پىكىرلەر — بۇزۇق پىكىرلەر.

(10) * تەمەننا — لۇغەت مەنىسى ئارزۇ. بۇ يەردە ئۆزىنى كورسىتىش، ئاتىكاچىلىق مەنىسىدە كەلگەن.

(11) * قەۋس — ئوقيا

(12) * رەشك — ئەسلى مەنىسى كۈندەشلىك، گىلىش. بۇ يەردە ئىچى تارلىق، كورەلمەسلىك مەنىسىدە.

(13) * ئىمان — بۇ يەردە ئاددى مەنىسى بىلەن ئىشەنچ، ئىخلاس دېمەك.

## 363

مەگەر ئۆلسەم توپامدىن مەي كوزا يا مەيگە جام ئەتكىن،
مۇبارەك ئىلمۇ - ئىرپان ئابىدىن شەرۋەت قىيام ئەتكىن.
قۇيۇپ شەرۋەتنى مەي جامغا بىخۇتلەر ئۇيقۇسىن ئوۋلاپ،
غەزەل دۇردانىسىدىن روھى ئاچلەرگە تائام ئەتكىن.

## 364

ئىلىم باشقا، تالانت باشقا، غۇرۇر - ۋىژدان يەنە باشقا،
بولۇر ساھىپقىرانلىق ئۈچ پەزىلەت كەلسە بىر باشقا.
بۇنىڭ بىرلەن بەخت پۈتمەس، ئۇنىڭسىز ئامەتلەر كوپ،
بەخت بابىدا قۇر ئاچساڭ يېزىلمىش قىسمىتىڭ باشقا.



# 3

## ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى رەجەز
## شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىيلار

(14) * "گۈل ۋە نوروز" ئۇيغۇر شائىر لۇتپىنىڭ ئەسىرى.
(15) * فۇنۇن— پەن ئىلىملىرى، ياكى بەنلەر.
(16) * بۇ يەردە زىكرى قىلىنغان كىشىلەر تارىختا سەلتەنەت، شاھلىق ۋە پەھلىۋانلىق بىلەن نام قالدۇرۇپ كىتىشكەن مەشھۇر تارىخى شەخسلەر.
(17) * رىياتەقۋا — غوجى كوردى ياكى ساختىپەزلىك بىلەن قىلىنغان تائەت - ئىبادەت.
(18) * ناۋايى ۋە ئۇنىڭ "خەمسە" ۋە "چاھار دىۋان"نى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
(19) * مۇرەببى — تەربىيىچى، ئۇستاز.
(20) * سامان يولى — ئەسلى ساما يولى بولۇپ، ھىساپسىز يۇلتوزلار تۇركۇمىدىن گويا ئاسماندا يول شەكىللەندۇرگەن كورۇنۇش.
(21) * دۇر — گەۋھەر.
(22) سەنئەت — ئەسلى مەنىسى. ھۇنەر دىگەن بولۇپ، بۇ يەردە بىلىم، ھۇنەر، ئىش كورسىتىش مەنىسىدە كەلتۇرۇلگەن.
(23) * بۇ يەردە "مىسران" سوزى "مىسرات قىلىچ"، "زەرقىن" سوزى «ئالتۇن غىلاپ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.
(24)*بەركەردە—يامان دەپ كورسىتىش، قارىلاپ تاشلىۋىتىش.
(25) * تەۋەللۇتگاھ — تۇغۇلۇش جاي.
(26) قەلەمدان — قەلەم سېلىپ ساقلايدىغان سايمان بولۇپ، بىزدە ئىلگىركى كاتىپلار ئۇنى بەلۋىغىغا قىستۇرۇۋېلىشاتتى.
(27) * شائىر روداقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
(28) * مۇشك ئەنبەر—ئىپار.

## 365

ئاي يۈزلۈكۈم سەن قايدا سەن، گۈل يۈزلۈكۈم سەن قايدا سەن،
كۈندۈزلىرى گۈلشەندە سەن، تۈن كېچىلەردە ئايدا سەن.
ئاي چىقسا باقماق ئادىتىم، مەستانىسى مەن لالەنىڭ.
پىكرىم مېنىڭكى سەندەدۇر، بولساڭمۇ گەر ھەر جايدا سەن.

## 366

كوردۇم قىزىل گۈل تۈۋىدە، ئۇينار تەبەسسۇم لېۋىدە،
يوق ئۈندىكى شەربەت كورۇك، ھەرقانچە شىرىن مېۋىدە.
مەن كۆيلىسەم تەمبۇر چېكىپ، قوندى ئاڭا بۇلبۇل كېلىپ
جۇش بولدى ئۇلپەت ھەم ماڭا، بولغاچ كويۈك مەزھەۋىدە.

# 4

## ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى رەمەل (موسەددىسى مەھزۇپ) شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار

## 367

پەلەكتىن ساقىلىق كۈتمە، پەلەك بىھىمس، پەلەك بىدخۇت،
ئۇمۇردىن باقىلىق كۈتمە، تىرىكلىك ئۇچكۈچى بىر ئوت.
خالايىق ئەتىكابىغا ئەقىدەڭ بولسا شەيدالىق،
سائادەت ساقىدەك ئەلگە ئوزۇڭ قۇتلۇق شارابىڭ تۇت.

## 368

كويۇر دىل ئوت ئارا تىنماي غەزەل ئېيتقان ياغاچ ئوخشاش،
ئاقاردى چاش كورۇنگەچ كوزلەرىمگە كۈندە سۇمبۇل چاش.
مۇھەببەت ئەتىكابىدىن ماڭا بىر ۋەھى زاھىد كىم:
چاپادىن زارلىما يارىڭ توپاغا جان بېرەر نەققاش.



## 369

زارلىما يەتسە بېشىمغا مىڭ بالا،
مىڭ بالامۇ بىر بالاغا مۇپتىلا...
زارلىماس باغۇن زېمىننى باسما سەل،
ئۇسما كەتسە نە ئەلەم، قاشىڭ قالا.

## 370

ساقى ياقۇت جامغا مەينى تولدۇرۇر،
ساھىبىم يانىمدا ئايدەك ئولتۇرۇر،
ئىلمۇ ـ ئەرپان بىرلە تولغان ھەر سوزى —
ۋەجھىدىن ھەركىمدە ھەر غەم ئۇنتۇلۇر.

# 5

## ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى ھەزەج (مۇسەددەس مەقسۇر) شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار

## 371

ئۇل پەرى ھوسنىگە يەتمەس قىلۋىلەر،
مەڭزىدە ئالىپتە جەننەت جىلۋىلەر...
مۆندىكى مەككە ھەرەمدىن بىخەۋەر،
يۈرگىنى ياتنىڭ دىيارى... تەلۋىلەر.

## 372

"قىپ" نى "پىق" قىلساڭ قوشۇپ باشىغا "رە"،
بال قۇيار نەشتەر تۇتۇپ يۈرگەن ھەرە.
تەسكىرى قىلساڭ ئۇنى باغىڭ غازان،...
ئەژدىھا بوپ تەۋرىگەي ھەتتا پىلە.

## 373

گەرچە بولسا ئەزرائىلدىن ئىككىسى،
ھەم ھايات قالماس ئۇنىڭ ھىچقايسىسى...
ھەم تۇغۇلماق ھەم ئۆلۈممۇ مەنىسىز،
بۇ جاھانىڭ بولمىسا شات، قايغىسى.

## 374

دىدى بۇلبۇل: گۇلۇم كەلگىن قېشىمغا،
نە قىسمەتلەر يېزىلمىشتۇر بېشىمغا.
ئېچىپ مەگزىن دىدى گۇل ئوينىتىپ كوز:
پەخەس بول كىرپىگىم ئوقتۇر قېشىمغا.

## 375

قېنى سايرا چىمەندە بۇلبۇلى شاد،
گۇزەل سايراپ چىمەننى قىلغىن ئاباد.
سىنىڭسىز بۇ چىمەن تىلسىز ماكاندۇر،
سادايىڭدىن جاھان قىلغاي ئۇنى ياد.

## 379

هوقۇق گەر كەلسە ئامەتسىز ئاڭا قوق،
ئۇچۇپ كەتسە "هو"رى قالغاي پەقەت "قوق".
ئەگەر ئامەت نۇرى قاخشالغا چۈشسە،
زىيارەتگاھ قىلۇر قاخشالنى سۇمرۇق.

## 380

كوزى يېلۋىزنى ئويلايدۇ خېنىمنىڭ،
شۇڭا يىرق ساق يېرى مىسكىن تېنىمنىڭ...
مەگەر يەتسە جۇدالىقتىن بالالەر،
نە قەدرى، بار دىمەكلىككە جېنىمنىڭ.

## 381

چايان - چاققانىنى دەرلەر خۇلقى - نازىم،
هۇقۇش ئېيتار: گۈزەل ھەم خۇش ئاۋازىم.
كىشى ئىچىەس بىلىپ خىسلەت زەھەرنى،
كىچىرگەيسىز مىنى "ساقى دارازىم".

## 376

ئىزىڭنى باسمىغىم راھەت، باھاردۇر،
جامالىڭ تاڭ شەپەق قۇچقان ناھاردۇر...
ئۈمىدىڭ ئارزۇيۇم، شاتلىغىڭ توي،
كېرەكسىز تىرنىغىڭ قۇتلۇق تۇماردۇر.

## 377

نادانىنىڭ ئىلكىدە ئەقلىم جۇنۇندۇر،
كى نامەرت پەنجىدە جىسمىم ئۇتۇندۇر...
دىمە ھۆسنى بۇ مەينىڭ لالە رەڭلىك،
قىزارتقان مەينى ئۇ رەڭ — ئەسلى خۇندۇر.

## 378

ئۆلۈمنىڭ ئۆلمىگى — يېڭى ھاياتتۇر،
زەھەر بىرلە زەھەر ئابى ھاياتتۇر.
دىمە ئۈستىدە مۈشكۈلنىڭكى مۈشكۈل،
سۈپەتداش ئىككى زات ئەسلىگە ياتتۇر.

## 385

ئەگەردە گاڭ دىسەڭ گاڭ ئىشچى - دىخان،
مەگەردە جەۋھەرى تارىخ دىسەڭ قان.
بۇ گاڭ بىرلە بۇ قان ئالدىدا تاغ پەس...
تۇرار جانانمۇ ھەم بولماققا قۇربان.

## 386

ئۆمۈر تەكشى ئەمەستۇر يىلدا قىش - ياز،
زىمىستانىمىز باھار كورمەيدۇ گۈلناز.
ئىلىم سۆيسەڭ ھاياتىنىڭ بارى مەكتەپ،
زامان ۋەھەسى چۈشەنسەڭ پەرى ئۇستاز.

## 387

كوڭۈللەر لەززەتى بولماس خۇسۇمەت،
ئۇنىڭ بىرلە ياشالماس بىللە ھىكمەت،
خۇسۇمەت شەربىتىدىن قەترە ئىچسەڭ،
كىشىلىك قەۋمىدىن كەچمەكنى شەرت ئەت.

### 382

پىراقىڭ دەشتىدە يۈرگەن قۇلۇڭمەن،
ۋىسال گۇلزارى ئىچرە بۇلبۇلۇڭمەن.
مۇرىدىڭمەن — مۇھەببەت مەزھەبىڭنىڭ...
ئۆزۈڭ يالقۇن جۇلاسى خاك - كۆلۈڭمەن.

### 383

جۇنۇن ئەقلىم ئۇنىڭ كوز جادىسىدىن،
تېنىم توغرالدى كالپۇك جادىسىدىن...
بېسىپ بۇلبۇل ئىزىنى بوالدى جىسمىم—
تىكەندىن خۇن ئەتىر گۇل ۋادىسىدىن.

### 384

قەلەم قۇدرەتلىك ئەژدەھا، سىيا قان...
ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىز شاھى سۇلتان.
يوقالدى يەتتى گۇلشەن باغى بەھرام،(30)
ياشار نىزامى پۈتكەن ئۇشبۇ داستان.

# 6

# ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى ئەردز شەكلىدە يېزىلغان رۇبائىلار

## 388

گوياكى بىر كىچىك كائىنات ئىنسان،
ئالەمنىڭ مەپھۇمى ئۇنىڭدا ئايان.
ۋە لېكىن يۇلتۇزلار پاتقان ئالەمگە،
پاتۇرمۇ ئىنسانچە شاتلىق يا پۇغان؟

## 389

رۇبائىي بىر ۋەلى كارى ئەمەستۇر،
ھەر دەۋران ئەل ـ ئارا ئۇزگە ھەۋەستۇر.
ھەر پەسىل ناۋاسى، ھەر چاغ رۇبائىي،
ئەل كۆلكى — قايغۇ بىرلەن ھەمنەپەستۇر.

## 390

قۇتبى شىمال يۇلتۇزى تىڭرىقمايدۇ ئاسماندا،
سەيلى قىلسا سامانىڭ ئەختەرلىرى* ھەرياندا.
چىن مۇھەببەت ۋايىغا يەتتى دەردى ھىجراندا،
ئارمىنىم يوق كويگەچكە پەرۋانىدەك گۇلخاندا.

## 391

گۈزەل بولماس ئالەمدە قەددى ـ قامەت سىنىڭچە،
ھىچكىم قىلماس سۆيگىدە ئىستىقامەت مىنىڭچە...
كاتتا بولماس ھىچكىمدە بەختى ـ ئامەت سەن كەبى،
سەنسىز ھايات پەقىرغا چوڭ قىيامەت مىنىڭچە.

---

* ئەختەر — يۇلتۇز

# 7

# ئارۇز ۋەزنىنىڭ باشقا بەھرلىرى ۋە بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان رۇبائىيلار

## 392

ئولدۇم شىشە قەدەھتە، شاراپ ئىچىپ مەن نەيلەي؟
تېتىپ ئېيتار شىپاسى ـــ لەب جامىدىن ئىچىش مەي.
ئەقلىم تەمكىنلىكىدە تاغمەن دىسەم يېڭىلدىم،
سۆيگۈ قۇيۇنلىرىدىن توزۇپ يۇردۇم بولۇپ پەي.

## 393

ھاياتلىق ئەسلى قاينام، ئۆمۈر ئۆتمەيدۇ غەمسىز،
چالالماس ئۇستا سازەندە ناۋالار زىرۇ - بەمسىز.
نەزەر كوزى كەڭ بولسا پەسەن بولماس غەمناكلىق،
كوڭۇل كەڭ - تارلىقىنى بىلىپ بولماس ئەلەمسىز.

## 394

ئۆزگىنى ياراتماس ئۆزىدىن باشقا،
تەڭ كورمەس ياقۇتنى ئۆزىدىكى تاشقا.
ۋە بەلكىم سالىغاندۇر رەبىم ئاخماقلىق —
دەردىنى ئەڭ ئاخماق رەشكىچى باشقا.

## 395

قىرىلىق دېمەك، ئاق چۈشكەن مىسكىن باشىغا قاراپ،
غېرىپلىق دېمەك، قان چۈشكەن غەمكىن ياشىمغا قاراپ.
ياس چەشمەدە سۇ قۇرىسا، قىينالمامدۇ بىلىق كوزۇم،
ھەركىم بىلەن زامانداشمەن دەۋر ياشىغا قاراپ.

## 399

كورەلمەس كىشىنىڭ قەلبى كور بولۇر،
خۇسۇمەت كوزىگە پەردە تور بولۇر...
مۇسەللەس كوزىدىن بەتتەرراق دىلى،
ئىچچىغان پىكرىدە دايىم هور بولۇر.

## 400

باللىق ماڭا ئىستەك سەۋداسى بىلەن كەلمىش،
ياشلىق ماڭا مۇهەببەت بالاسى بىلەن كەلمىش...
شۇنچە ئومۇر سۈيى هايات غەۋغاسى بىلەن كەلمىش،
ئاھ قېرىلىق يانا قايغۇ سوغاسى بىلەن كەلمىش.

## 401

ساقى ماڭا ئۇ، شاهى سۇلتاندىن ئارتۇق،
ئۇلپەت ماڭا ئۇ، هورى - غولماندىن ئارتۇق؛
زەپىران رەڭگىمنى قىزارتقان خۇن - مەي!
غازاڭ جىسمىمگە جان بەرگەن قايسى گۇلسىزۇق؟

## 396

دوستۇڭنى سېغىنغاندا، ئوقۇغىن دۇئايى "قۇنۇت"
دوستۇڭ ئۇ ۋاپەتلىك قىلىنغاندا، ئاڭا كەۋسەردىن مەي تۇت.
ئىچ مەينى، سۈزۈپ جامنى، دىلىڭگە يېقىپ ئوت...
شاراپ داستىخاندا زىبۇ - تەكەللۇپنى ئۇنۇت.

## 397

ئەجەلنىڭ ئوقياسى ساۋۇتنى تېشەر،
ئۆمرىڭنىڭ مەنىنى قالغانلار يېشەر،
بىر چىراق ئۆچكەنگە غەم قىلماس ئالەم،
خالايىق مىڭ چىراق پىلىگىن ئېشەر.

## 398

ھىجران دەشتى ئىلكىدە ھالىم خاراپتۇر،
پىراق ئوتى ئىچرە جىسمىم كاۋاپتۇر.
ۋىسال كۈتۈپ ئالدىڭدا سىھمان ئولتۇرۇر،
بىر پىيالە شەربىتىڭ چەكسىز ساۋاپتۇر.

## 405

بۇلبۇلغا كۆڭۈل شادى — گۈل - گۈلىستان كېلىدۇ،
ئاشىققا دىلى سۆيگەن گۈزەل جانان كېلىدۇ…
پىچىرلاپ تاڭ دىردىگىنى چولپىنى گۈلناز كۈلۈدۇ،
ھۇسنىدە تەبەسسۇم ئەنە خۇرشىدى جاھان كېلىدۇ.

## 406

كۆرگىنىكى خوتەن دەشتىگە ئاھۇ يارىشىپتۇ،
رەڭگىنى گۈزەل ئەتمەككە قايغۇ يارىشىپتۇ…
شەربەتنى ئىچىپ سوزى چۈچۈكلەر دىسە ئاچچىق،
لەبزىمگە مېنىڭ بال ئورنىدا ئاغۇ يارىشىپتۇ.

## 407

مەيلى سەن ھايات دەپ ئۇزۇڭنى بەزلە،
مەيلى، سەن ئۆلۈم دەپ ئىبادەت ئىزلە…
ھەق - ناھەق چىرمىشىپ كەتكەن ئالەمدە،
ئىلمنى قەدىرلەپ ھەق سوزنى سوزلە.

## 402

بۇ مەي — كوز مونچىقىمدىن توكۈلگەن ئۈنچە-مارجان،
بۇ مەي — ھىجران يامغۇرى، ئاھىم دۇتىدىن تامغان...
بۇ مەي — قان رەڭلىك سىيا، تويىندا تىرەن داستان،
توك مەيلى ئۇنى يەرگە، توكۈشنى خالىساڭ قان.

## 403

كومتۈرۈلگەن قەۋرىدىن كورۈنمەس ئاسمان...
لەھەتتە سۈيگىدىن ييغلىغەن ئىنسان.
گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ داستانىنى كور،
سۆيۈشكەن لەبلەردىن تامچىغاندا قان.

## 404

پىغان چەكسەم زارىمغا كىممۇ قارايدۇ،
خىيال- پىكرىڭ سىنەمگە قاندەك تارايدۇ.
قەلەندەر بوپ ئالدىڭدا سۇلتان ئولتۇرۇر،
بۇلبۇل كەبى زىكرىڭدا تىنماي سايرايدۇ.

## 411

قەۋرى تېشى تەھتىدىن ئۈزدىگەيسىز زاتىمنى،
سۆيگۈ پاجىئەسىگە قوشۇپ مىسكىن ئاتىمنى.
كىمزەر روھىم گوياكى پەرۋانىدەك بىئارام...
ئۈتكۈزمەككە ئەل ئارا جىسمىمىز ھاياتىمنى.



## 408

سۈبھىدە بېقىپ كۆتتۈم، بىر ئىللىق شامالىڭنى،
تاڭ لۈتپىدە تەلمۈردۈم، ئوخشىتىپ جامالىڭنى.
مەكتۈپكە كۆزۈم چۈشتى، ياشىدىن تاقاپ ئەينەك،
مېھرىڭگە ئارام قىلدىم، گۈل رەڭلىك سالامىڭنى.

## 409

سۆيگۈ دېمەك — قاناتسىز قۇشنىڭ ئۇچۇش ئىستىكى،
سۆيگۈ دېمەك — ھاياتلىق ئۈمىدىنىڭ دېرىكى.
سۆيگۈ دېمەك — ھەسسىيات يۈرىكىنىڭ ئىدرىكى،
سۆيگۈ دېمەك — قەلب مايىللىغى مۈلكىنىڭ بېگى.

## 410

چاچ قىلىڭدا تىكەرسەن بەلكى ئاق كىپەندىنى،
كۆز يېشىڭدا يۇيارسەن، شېمى ئوچكەن تېنىمنى...
ئەژدىھا توپراق يۇتكەندە، تىرىلدۈرمەك بولساڭ مېنى،
نەزمىلىرىمدىن ئىزلە مىراس قالغان قېنىمنى.

رىۋايەت قىلىنىدۇ. «قەدىمقى دۇنيا تارىخى» ۋە باشقا ئەسىرى تارىخلاردا، ئىسمى "سولومون" ئاتىلىپ، ئۇنىڭ خىيالىي شەخس ئەمەس، بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن تارى-خىي شەخس ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان. مەشھۇر «قۇر-ئان» كىتاۋىدا ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار قىسسە يېزىلغان، ئىسلام دىنى كىتاپلىرىدا پەيغەمبەرلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇ ئىسلام ۋە يەھۇدى دىنلىرىنىڭ كىتاپلىرىدا ھەم پادىشا، ھەم پەيغەمبەر دېيىلگەن. بىلقىس — ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ، غايەت گۈزەل ئىكەنلىكى ھىكايە قىلىنىدۇ.

② باغى ئىرەم — دىنىي رىۋايەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇرۇنقى دۇنيادا ناھايىتى چوڭ پادىشا بولۇپ نام كوتەر-گەن، ھەتتا خۇدالىق دەۋاسى قىلغان «شەددات» تەرىپىدىن ياسالغان باغنىڭ ئىسمى. ئېيتىلىشىچە، شەددات: "تەڭرىنىڭ «جەننەت» دېگەن بېغى بار ئىكەن، مەنمۇ شۇنداق ئالى باغ ياسايمەن" دەپ، باغى ئىرەمنى ياسىغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئېرىقلىرىدىكى سۇنىڭ تېگىگە شېغىل تاش ئورنىغا زەبەر-چە، ياقۇت، مەرۋايىت سالىنغان ئىكەن.

«قۇرئان» دا بۇ باغ توغرىسىدا مەخسۇس ئايەت زىكرى قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق: "ئى-رەم — شۇنداق ياسالغان بىر جايكى، ئۇنىڭغا ئوخشاش جاي ھېچبىر شەھەردە ياسالغان ئەمەس".

③ ئولمەسلىك ئالمىسى — ئاپتورنىڭ ئىزاھلىشىچە، مەشھۇر «تەۋرات» (بىبلىيە) كىتاۋىدا: "شەددات ياسىغان

## تەھرىرنىڭ ئىزاھ ۋە ئىلاۋىسى

① لوقمان — دىنىي رىۋايەتلەردە تىبابەتنىڭ بىرىنچى ئاتىسى، دەرىجىدىن تاشقىرى ماھىر ھوكۇما دەپ قارىلىپ، ھەتتا پەيغەمبەر پەللىسىگىچە كۆتۈرۈلىدۇ. شەرق تىبابەت تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ھوكۇما — بەقرات، جالىنوس (گالېن) ئىبنى سىنا ۋە ئۆمەر ھەييام قاتارلىقلارنىڭ نامى ئۇنىڭ نامىدىن كېيىن سانىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەققىدە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىمۇ مۇنداق بېيىتلەرنى ئېيتقان:

قېنى مىڭ ياشىغان لوقمان،
ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان...
ئەجەلگە تاپمىدى دەرمان،
ئىچۈك دۇنياغا بەل باغلاي.

ئۇنىڭدا لوقماننىڭ مىڭ يىللاپ ئۆمۈر كۆرگەنلىكى، ئادەمنىڭ ئۆلمەسلىك ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەدبىر ئىزلىگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

② سۇلايمان — داۋۇت (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئوغلى بولۇپ، يېڭى ئېرادىن ئاۋۋالقى 11-ئەسىردە ياشىغانلىقى

قونۇپ، پۇتىغا يۇققان لايىنى پۇتىدا ۋە بىرتال زەيتۇن دە-
رىخىنىڭ نوتىسىنى ئاغزىدا چىشلەپ، كېمىگە قايتىپ كەل-
گەن. بۇ دۇنيادا ھاياتىنىڭ قايتا باشلانغانلىقى، يەر يۈزى
توپان بالاسىدىن قۇتۇلۇپ، ھولچىلىك شۇنچىلىك قۇرۇ-
غانلىقى، ئۇسۇملۈك شۇنچىلىك ئۈسكەنلىكىدىن دېرەك
بېرىدىغان "تېچلىق خەۋىرى" ئىكەن. شۇ خىل دىنىي رى-
ۋايەت ۋە تارىخىي ھىكايەتكە ئاساسەن، دۇنيا ئەللىرىدە،
بولۇپمۇ غەرب دۇنياسىدا كەپتەرنى "تېچلىق بەلگىسى" دەپ
چۈشىنىش بىر "ئەنئەنە" بولۇپ قالغان.

⑤ ئەزرائىل — ئۇ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىچە، ئاللا
تەرىپىدىن ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئېلىشقا بەلگىلەنگەن پە-
رىشتە بولۇپ، جان ئېلىش پەيتىدە ھېچقانداق شاھ-گادا،
چوڭ-كىچىكنى پەرق ئەتمەيدىكەن ۋە مەنسىتمەيدىكەن.
بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق يازغان:

ئۆلۈم ياشۇ-قېرى، شاھ ۋە گادايلارغا باراۋەردۇر،
كورۇك جان ئالغۇچى ئەلنى كوزىگە زەررىچە ئىلماس.

جىبرائىل — ئىسلام ئەقىدىسىچە، ئاللانىڭ توت
چوڭ پەرىشتىسىنىڭ بىرى. ئۇ، دىنىي كىتابلاردا مۇھەممەت
(ئەلەيھى سالام)كە دىن ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھەققىدە
تەڭرىنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگۈچى، ھەتتا قۇرئان ئايەتلىرى
شۇ ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن دىگەن پىكىر تارالغان.

⑥ پارىس تىلىدا خەر — ئېشەك، كاج خەر — مايماق

باغى ئىرەمدە ’ئولمەسلىك ئالمىسى‘ ناملىق بىر مىۋە بار“ دىگەن رىۋايەت يېزىلغان.

④ ”نوھنى قۇتقۇزغان ياغاچ“ — بۇ جۇملە ھەزرىتى نوھنىڭ كېمىسىگە قارىتىلغان.

نوھ — دىنىي كىتاپلاردا «نوھى نەبىيوللا» (خۇدا - نىڭ پەيغەمبىرى نوھ) دەپ ئاتالغان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئاتىسى «ئادەم» (ئەلەيھى سالام) دىن كېيىن، ئىك - كىنچى ئاتىسى دىيىلگەن كىشى. ئۇ ئىسلام ئەقىدىلىرىچە ”ئاللا“ نىڭ، يەھۇدى ئەقىدىسىچە «يەھۋى» (يەھۇدى دىنىنىڭ تەڭرىسى) نىڭ ئەمرى بىلەن كېمە ياساپ، بۇ - رۇنقى دۇنيادا ئالەم بويىچە يۈز بەرگەن چوڭ سۇ ئاپىتى — توپان كەلكۈندىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېمىگە كىرىۋالغان. توپان 150 كۈن داۋام قىلىپ، توپاندا ئەپسانىلەرنىڭ رىۋا - يىتىچە، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى مەيلى ئىگىز، مەيلى پەس جايدا 40 گەز سۇ تۇرغان. توپان سۈيى شۇ زاماندىكى دۇنيادا بولغان ئۇچارلىق - تىنارلىق ھەممە مەخلۇقاتىنى ھالاك قىلغان. پەقەت نوھ (ئەلەيھى سالام) كېمىگە سېلىن - ۋالغان بىر جۈپتىن ھايۋانات نەمۇنىسى ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالغان.

توپان سۈيى پەسلىگەندىن كېيىن، نوھنىڭ پەرمانى بويىچە يەر شارىنى تەكشۈرۈپ كېلىش يۈزىسىدىن كېمە - دىن كەپتەر چىقىپ، ھەممە جايىنى كورۇپ، ئالەمنىڭ قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىگىنى نەھقا بىلدۇرۇش ئۈچۈن زىمىنىگە

مەت بىلەن تىلغا ئالغان. ھەتتا «خەمسە» (بەش داستان)نى يېزىشتا "بۇنى يېزىش — نىزامىدەك بۈيۈك كىشىنىڭ پەن-جىسىگە پەنجە قويۇشتۇر" دەپ، ئۇنىڭ يازغان نەرسىسىنى قايتا يېزىپ چىقىش ياكى ئۇنىڭدەك يازالاش ئاسان ئەمەس-لىكىنى ئېيتقان.

نىزامىنىڭ «پەنجى گەنج» (بەش غەزنە) نامىلىق مەشھۇر ئەسىرى بار. ناۋايى «خەمسە» (بەش داستان)نى شۇ "بەش غەزنە"نىڭ نام-ى ھەم ۋەقەلىكىدىن ئىلھاملىنىپ يازغانلىقىنى ئېيتقان.

پىكرەتى مىزانى بولۇپ خەمسە سەنج،
«خەمسە» دىمە، بەلكى دىگىل بەنجى گەنج.
(«خەمسە» دىن)

ئىسكەندەر (شەرق تىلى بويىچە "ئىسكەندەرى كەبىرى" ياكى "ئىسكەندەرى رومى"، غەرپ تىلى بويىچە "ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر" ياكى "ئالېكساندىر" دەپمۇ ئاتى-لىدۇ. ئۇ، دۇنيا پادىشالىق دەۋرانىنى سۈرگەن چاغلىرىدا، ئۆز نامىغا شەھەر قۇرغان، سېپىل (ئىستىھكام) ياسىغان ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنى قىلغان. ئۇنىڭ مىسىرنى ئۆزىگە قاراتقاندا بىنا قىلدۇرغان مىسىردىكى «ئالېكساندىرىيە» («ئىسكەندەرىيە» شەھرى ۋە بۇ شەھەرگە دېڭىز تەرىپىدىن كىرىدىغان جايدىكى پارىس ئارىلىدىكى ماياك قاتارلىقلار شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.) بۇ ماياك شەرق تارىخىي كىتابلىرىدا «ئايىنەئى ئىسكەندەر»

ئىشەك دىگەن سوز. بۇ مىسرادا ئاپتور بۇ كاج ئىشەكنى مەدرىسكە باغلاپ قويساڭمۇ، ئۇ هامان كاج ئىشەك. ئۇ، مەدرىستە تۇرماقلىق بىلەنلا ئىشەكلىكتىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئۇ، بىر خىل كىنايە ياكى تەمسىل ئارقىلىق دىمەكچى بولىدۇ: بىر يامان ئادەم مەلۇم سەۋەپ تۈپەيلى، بىر ياخشى ئادەم تۇسىگە كىرىۋالسىمۇ، بىر ئالى مۇقامغا ئورۇنلىشىۋالسىمۇ، ئۇ ئاخىر ئەسلى تەبىئىتىدىكى خۇلقىنى ئاشكارا قىلىدۇ، ئىشەكنى مەدرىستە تۇرغانلىغىنى كورۇپلا "مۇدەررىس" دىگىلى، چىۋىننى زەرباپ داستىخاندا ئولتۇرغانلىغىنى كورۇپلا "قەدىرلىك مىهمان" دىگىلى بولمايدۇ.

⑦ناۋايى — 1441 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1501 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كاتتا نامايەندىسى، 15 - ئەسىردىكى ئاسىيا ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى، تۈركى تىلىدا سوزلىشىدىغان مىليونلىغان خەلقنىڭ پەخرى، تۈركى تىلىدا يېزىشنىڭ دەۋر بولگۈچ بايراقدارلىرىنىڭ بىرى ۋە چوڭ ئۇستاز شائىر.

نىزامى — 12 - ئەسىردە ئوتكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پارس دۇنياسىدا داڭقى چىققان، پەيلاسوپ ئومەر هەييام بىلەن زاماندىش ۋە پىكىرداش شائىر. ئۇ، «نىزامى ئورۇزى» ياكى «نىزامى گەنجىۋى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇ، «فەرهات - شىرىن» داستانىنى «خىسراۋ - شىرىن» نامى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنى ناۋايى چوڭ هور-

بارمىغان ئافغانىستان ۋە كىرمىگەن ھىندىستان قالمىغان. ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ بۈيۈك دۆلىتىگە «بابىل» شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. ئۇ، غەرپكە يۈرۈش قىلماقچى (شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىتالىيىنى زەپتى قىلماقچى) بولۇۋاتقاندا (يېڭى ئېرادىن ئاۋالقى 333 - يىلى ياز پەسلىدە) بەزگەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتكەن.

20 يېشىدا پادىشالىق تەختىگە چىققان ئىسكەندەر، ۋاپات بولغاندا 33 ياش ئىدى.

داۋۇت — ئىسلام ۋە يەھۇدى ئەقىدىلىرىچە، قەدىمقى پەيغەمبەرلەردىن بىرى. ئۇ، يەھۇدى قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ دۆلەت قۇرغان. بەزى تارىخلاردا ئۇنىڭ ئېرادىن ئاۋالقى 10 - ۋە 11 - ئەسىرلەردە ئۆتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ، ئېرۇسالىم (قۇددۇس) شەھىرىنى ياساپ، ئۆزىگە پايتەخت قىلغان. ئۇنىڭ شېئىر يازىدىغانلىقى، نەغمە چالىدىغانلىقى ۋە ئوقۇشتا ئاۋازىنىڭ سازلىقى دىنىي قىسسىلەردە يېزىلىدۇ. گەرچە، بەزى كىتابلاردا تەۋراتتىكى بىر قىسىم شېئىرلارنى ئۇنىڭ يازغانلىقى ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىدىكى داۋىلار (گەپ يەتكۈزگۈچىلەر) نىڭ كۆرسىتىشىچە، داۋۇت (ئەلەيھى سالام) غا تەگرىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتاب ئاساسەن «زوبۇر» بولغان. ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلغان. مەشھۇر «4 كىتاب» نىڭ ساماۋى تەقسىماتى ھەققىدە، ئىسلام دىنى كىتابلىرىدا مۇنداق بىر نەزمە بار:

(ئىسكەندەر ئەينىگى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئەدەبىي ھېكايىلەردە ئۇنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق شەھەر قورغانلىقى يېزىلغان.

ئىسكەندەر — مۇندىن 2300 نەچچە يىل بۇرۇن زور پادىشالىق ۋە دۇنياۋى ھاكىمدارلىق دەۋرىنى سۈرگەن مەشھۇر تارىخىي ئادەم. ئۇنىڭ دادىسى ئۆز ۋاقتىدا «ماكېدونىيە» دېيىلگەن دىيارنى كۈچلۈك بىر دۆلەت ھالىغا كەلتۈرگەن ۋە پادىشالىق قىلغان فىلىپپ (پىلىكوس ياكى پېيلىقوس) ناملىق كىشى ئىدى. ئىسكەندەر — يېڭى ئېرادىن ئاۋۋالقى 356 - يىلى تۇغۇلغان، يېڭى ئېرادىن ئاۋۋالقى 336 - يىلى دادىسى فىلىپپنىڭ ئورنىغا پادىشا بولغان. ئىسكەندەر — مەرىپەتكە ئامراق ۋە ھەربىي ئىشلارغا قىزىقىدىغان ئادەم بولۇپ، زاماندىشى ۋە زامانىسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالىمى يۇنانلىق (ھازىرقى گرېتسىيىلىك) پەيلاسوپ ئارىستوتېلدا ئوقۇغان، 16 ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ئاتىسى يۈرگۈزگەن سوقۇشلارغا قاتنىشىپ كەلگەن. ئۇ، ئەينى زاماندا سوقۇش ئارقىلىق دۇنيادا "كۈچلۈك دۆلەتلەر" دەپ داڭقى چىققان ئىران ۋە يۇنانلارنى بىرەر - ئىككى يىل ئىچىدە قايتا - قايتا يېڭىپ ئۆزىگە قاراتقان. ئىسكەندەر يېڭى ئېرادىن ئاۋۋالقى 334 - يىلدا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، كىچىك ئاسىيانى ئالغاندىن كېيىن پىنكىيە، پەلەستىن، مىسىرلارغىچە ئىشغال قىلغان. ئۇنىڭ قەدىمى يەتمىگەن نە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرى ۋە نە ئامۇ، سىر دەريا ۋادىلىرى قالمىغان، ئۇ،

تەرجىمە قىلىنغان «گۈلىستان»، «بوستان» دىگەن مەشھۇر كىتاپلىرى بار. «گۈلىستان» — نەسرى — نەزم ھىكايە شەكلىدە 1258 - يىلى، «بوستان» بولسا، نەزمە شەكلىدە 1257 - يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭ يەنە «شەبىستان»، «خارىستان» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىغى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

شەيخى سەئدى قەشقەرغە مۇھەممەت خارەزمى شاھ تەرەپتىن ئەلچى بولۇپ كەلگەندە قەشقەردىكى بىر مەدرىسە- كە كىرىپ، بىر تالىپ بىلەن ئۇچراشقان. (بۇ ۋەقە ئۇنىڭ «گۈلىستان» ناملىق كىتاۋىدا بىر ھىكايە قىلىپ يېزىلغان.) سەئدى شۇ مەدرىسىتىكى تالىپنىڭ ئەرەپ، پارىس گىراماتىكىسىنى ئۆگىنىشتە، ئوقۇش ئۇسۇلىدا دىيىلىۋاتقان سوزىنى چۈشىنىپ ئەمەس، بەلكى كونا فورمىدا ئۇستازى نىمە دىسە شۇنى دەپ، گويا گىراموفىندەك قايتا ئېيتىپ بېرىش، ئۇستازى دىگەننى ئۆز ئەينى ياد قىلىش بويىچە دەرس تەكرارلاۋاتقانلىغىنى ئۇچراتقان، ئۇ، شۇ چاغدا قەشقەر مەدرىسلىرىدىكى كونا، ئۇلۇمسىز ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئېچىنغان ۋە ئۇنىڭغا يۇمۇرىستىك خاراكتىردا كۈلگەن. ئۇ، تالىپنىڭ: "زەيت ئومەرۇنى سوقتى" دىگەن جۈملىنى مىڭىپ يۈرۈپ تەكرارلاۋاتقىنىغا قاراپ: "دۇنيادا بىر مۇنچە ئۇرۇشۇۋاتقان دولەتلەرمۇ ھازىر سۇلھى قىلىشىپ ياراشتى، تېخىچە زەيت بىلەن ئومەرۇنىڭ جىدىلى تۈگىمىدىمۇ!؟" دىگەن.

ئىنجىلنى ئەيساغا،
تەۋراتنى مۇساغا،
زەبۇرنى داۋۇتقا،
قۇرئاننى مۇستاپاغا.

ئاپتور بۇ رۇبائىينىڭ مەزمۇنىدا، مەيلى ئىسكەندەر، مەيلى داۋۇت قانداق شەھەر - قورغان بىنا قىلغان، قانداق ئايىنە ۋە سەد ياسىغان بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئىشىدىن ھامان ناۋايى، نىزامىلارنىڭ ئىشى بۈيۈك، دەيدۇ.

⑧ مېھرىگىيا — لۇغەت كىتاپلىرىدا ئادەمگە بەكمۇ ئوخشايدىغان بىر گىيا دەپ كۆرسىتىلگەن. «غىياسۇللۇغات» دېگەن كىتاپتا "مېھرىگىيا ئەمەس، مەردى گىيا، يەنى ئادەم گىيا، ئادەم قىياپىتىدىكى ئوسۇملۈك دېگەن سوز. ئۇ ئادەمگە ئوخشايدىغان بولغاچ، شۇ نام قويۇلغان" دەپ يېزىلغان.

ئۇنىڭ دورا ياسىلىدىغان، مەنپەئەتى كۆپ ۋە خىسلەتلىك بىر گىيا ئىكەنلىگى ئۈستىدە ئىختىلاپ يوق.

⑨ شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى — ئىراننىڭ شىراز شەھرىدىن، سەئدى — ئۇنىڭ شائىرلىق تەخەللۇسى، ئۇ، ئاتاقلىق پارس شائىرى ۋە دۇنيادا سوزنىڭ شىرىنلىگى، كۆتىرىپ چىققان پىكىرنىڭ مۇۋاپىقلىغى بىلەن ئەسىرى ھەربىر مىللەت تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلغان بىر ئەدىپ.

سەئدىنىڭ دۇنيادا ناھايىتى كۆپ ۋە چوڭ تىللارغا

(ھەجرىيە 428 - يىلى) توغۇلۇپ، 1037 - يىلى
ۋاپات بولغان.

ئىبنى سىنا — ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، خەلقارا مۇتەپەككۇر ۋە كاتتا تىبابەت ئۇستازى.

ئۇ، پەلسەپىدە بۈيۈك شەرق مۇتەپەككۇرى ئاتالغان ئەبۇ نەسىر فارابىي تەسىرى بىلەن ماتېرىيالىستىك خاھىشتا ئىدى. ئۇ، "نەزەرىيە ئىلمىنىڭ ئاخىرقى مەقسە- دى — ھەقىقەتنى تونۇش"، "ھەقىقەت — تاشقى ئالەم ھادىسىلىرىگە مۇۋاپىق كەلگەن سۆز ۋە ھەركەتتىن ئىبارەت" دېگەن تونۇشتا بولغان. ئۇ، يەنە ئۆلگەن بەدەننىڭ قايتا تىرىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئىبنى سىنا پەلسەپە، مەنتىق، ئەدەبىيات ۋە تىبى ساھەلىرىدە نۇرغۇن ئەسەر يازغان، پەقەت پەلسەپە ۋە تىبابەت توغرىسىدىكى ئەسەرنىڭ ئۆزىلا يۈزگە يېقىن دېگەن مەلۇمات بار.

بۇلاردىن «ئەلقانۇن فىت تىپ» (تىبابەت ھەققىدە قانۇن)، «كىتابۇ شىشىپا» (داۋالاش كىتاۋى) دېگەن ئەسەرلىرى ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇ دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە «3 - ئۇستاز»، «ئىككىنچى فارابى»، «شەيخۇل رەئىس» ۋە «شاھى تىبا- بەت» دەپ نام ئالغان.

⑬ بۇ رۇبائىينىڭ 1 - مىسراسىدىكى "بۇدى"، "نابۇدى" دېگەن پارىچە سۆزلەر — ئۇيغۇر تىلىدا

سەئدى مىلادىنىڭ 1203 - يىلى تۇغۇلۇپ 1292 - يىلى ۋاپات بولغان.

⑩ ئابدىراخمان جامى — 1414 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1492 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ، ئۇلۇغ تاجىك شائىرى ۋە پارس شېرىيىتىنىڭ ئاتىلىرىدىن بىرى. ئۇ، «ھەپتى ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلتۇز ناملىق 7 داستانىنىڭ ئاپتورى) ئۇ، ناۋايىدىن بۇرۇن «شېرىن - خىسراۋ» («فەرھات - شېرىن» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى) نى يازغان ۋە ناۋا - يىغا بۇ ھەقتە نىزامىدىن كېيىن سىيۇرىت ھازىرلاپ بەرگەن. ناۋايى جامى ھەققىدە يازغان قەسىدىسىدە مۇنداق دىگەن:

يولدىسا بۇ يولدا نىزامى يولۇم
قولدىسا خىسراۋ بىلەن جامى قولۇم.
(«خەمسە» دىن)

جامىنىڭ ئەسەرلىرى كوپ. ئۇلاردىن «كوللىياتى جامى» دىيىلىدىغان پارسچە دىۋانى مەشھۇر.

⑪ قوش خەمسە — ئىككى بەش داستان دىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى نىزامىنىڭ «پەنجى گەنج» ئاتلىق بەش داستانىغا، يەنە بىرى ناۋايىنىڭ «خەمسە» ناملىق بەش داستانىغا ئىشارەت قىلغان.

⑫ ئىبنى سىنا — تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئەلى ھۇسەيۇن بىننى ئابدىللا. ئۇ، مىلادى 980 - يىلى

يازغۇچىلاردىن بىرى ئېيتقان "ئابرويىڭنى ياشلىقتىن ساقلا!" دېگەن دۇردانىنىڭ نەزمىي يېشىنى تىزىلىپ گۈزەللەشتۈرۈلۈشى ۋە تەسىر قىلىنىشى.

⑯ قەيسەر — بۇرۇنقى رىم ئىمپىراتورىسىنىڭ ئىسمى. دارا — قەدىمقى ئىران شاھلىرىدىن بىرى. ئۇ يېڭى ئېرادىن ئاۋالقى 486-يىللاردا ئۆتكەن. ئىران — ھىچقاچان دارا دەۋرىدىكىدەك كۈچلۈك ۋە باي بولمىغان دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىران چېگرىسى ھىندى دەرياسىدىن سەھرايى كەبىر چېگرىلىرىغىچە يەتكەن ئىكەن. ئىران مەملىكىتىنىڭ بىر تەرىپى قارا دېڭىز، ئېگەي دېڭىزى، ئوتتۇرا دېڭىزغىچە، بىر تەرىپى كاسپىي ۋە ئارال دېڭىزلىرىغىچە، يەنە بىر تەرىپى ئىران قولتۇغى ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىغىچە بارغان ئىكەن.

يېڭى ئېرادىن ئاۋالقى 331-يىلى (ئىسكەندەر زامانىسىدا) يۇنانلىقلار كېلىپ ئىراننى ئىستىلا قىلغان ۋە ئۇنىڭ كۈچى شۇندىن كېيىن پارچىلانغان.

⑰ تەۋرات كىتاۋىدا نوھ (ئەلەيھى سالام) توپان بالاسىغا دۇچار بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭغا يەھۋى (يەھۇدى دىنىنىڭ تەڭرىسى) ئاپەتتىن قۇتۇلۇش تەدبىرلىرى توغرىسىدا يوليورۇق كورسەتكەنلىكى يېزىلغان. شائىر بۇ رۇۋائىتدا شۇ ھېكايىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق، ئەگەر بىر مۇشكۇلاتچىلىكتە ماڭا ھەمدەم، ماڭا بىشارەتچى بولسا، ئانچە قورقۇپ كەتمەيمەن دېگەننى ئالغا سۇرىدۇ.

"بولغان" ۋە "بولمىغان" دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ يەردە "بارلىق بولۇش"، "يوقسىز بولۇش" ياكى بىر ئىش قاملىشىش، قاملاشماسلىق مەنىلىرىدە كەلگەن. شائىر بارغا خوش بولۇپ، يوقلىپ قالسا روھىنىڭ چۈشۈپ كەتمىسۇن، ئىشنىڭ ئەپلىشىپ يۈرۈشۈپ كەتكەندە ئۇچۇپ كەتمە، ئەپلىشىپ كەلمىسە بەك قايغۇرۇپ قالما، ئۆيغۇر تەمسىلىچە "بىر بۇغدايدا سەمرىپ، بىر بۇغدايدا يادىما"، يۈرىكىڭنى ھەرقانداق شارائىتتا دادىل تۇت دەيدۇ. بولۇپمۇ ئىش ئەپلىشىپ بەرمىگەن پەيتتە ئۈمىتسىز بولماسلىقنى، ئۇ ئادەمنىڭ ھەرقاچان مەقسىدىگە يېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

⑭ يۇنۇس (ئەلەيھى سالام) — ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىچە، پەيغەمبەرلەردىن بىرسى سانىلىدۇ. ئۇنىڭ توغرىسىدىكى قىسسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنى دەريادا غەرق بولغان چېغىدا بىر بېلىق يۇتقان، ئۇ، بېلىق قارنىدا 40 كۈن ھايات كوچۇرۇپ، كېيىن ساق چىققان دېيىلگەن. بۇ ھەقتە ئىسلام سوپىست شائىرلىرىدىن بىرى مۇنداق يازغان:

بېلىق قارنىدا بىر ساھىپ كارامەت،
چىلە ئولتۇردى يۇ، چىقتى سالامەت.

⑮ ئاپتور بۇ رۇبائىي ئارقىلىق، ياشلارغا ئاددى ھەۋەس ئارقىسىغا كىرىپ، ئۇزىنىڭ قىممەتلىك "ۋىسال" مىنۇتلىرىنى قايسىبىر بىزەك چىتلارغا ئىلىندۇرۇپ يۈرمەسلىكنى شېئىر تىلى بىلەن تاپىلايدۇ. بۇ رۇبائىي — ئۇلۇغ

كاكى قاتارلىق شائىرلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر ياز-
غان. ناۋايى «ئىككى لۇغەتنىڭ مۇھاكىمىسى» (مۇھاكە-
مەتۇل لۇغەتەيىن) دېگەن ئەسىرىدە لۇتپىنى شەيخى
سەئدى ۋە ھاپىز شىرازى (1300—1389) قاتارلىق
پارس دۇنياسىدىكى ئەڭ كاتتا شائىرلار قاتارىدا سانى-
غان ۋە ئۇستازىم دەپ ئاتىغان.

لۇتپى ناۋايىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىدا (چاغاتاي
دەۋرىدىكى ئۇسلۇپ بويىچە) شېئىر يېزىش ئۈلگىسىنى
كۆرسەتكەن.

ئۇ، ئۇيغۇر تىلىدا 2400 مىسرالىق «گۈل ۋە نو-
رۇز» داستانىنى يازغان. ئۇنىڭ «بايات» مۇقامىنى ئىجات
قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

يۇسۇپ سەككاكى — 14-، 15-ئەسىرلەردە ياشىغان
ئۇيغۇر ئالىمى ۋە ئۇلۇغ شائىرلىرىدىن بىرى. ئۇ، شېئىرد-
يەتتە قەسىدە ماھىرلىرىدىن ئىدى. پەن ۋە مەدەنىيەتنى
ياخشى كۆرىدىغان سەككاكى مەشھۇر ئاسترونوم ئۇلۇغ بەككە
بېغىشلاپ قەسىدە يازغان. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بەككە قەسىدە
يازغانلىقى، بۇ قەسىدىنىڭ تومۇرلەڭ ۋارىسلىرى ۋە جا-
ھالەت، خۇراپات ئىتتىقاتچىلىرىنىڭ غەزىۋىنى قوزغىغانلىقى
ئاخىر زىنداندا يېتىپ ھالاك بولۇش سەۋەپلىرىدىن ئىدى.

㉑ ئوبۇل پىردەۋسى — بۇ يەردە خەلقارا مەشھۇر
شائىر ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىدىن ئىبارەت. ئۇ، ئىرانىنىڭ
تۇس دېگەن شەھرىدىن ئىدى. مىلادىنىڭ 934-يىلى

⑱ ئىبراھىم — بۇ يەردە ئۇز زامانىسىدا تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 300 - يىللىرى "ئەۋلىيا" دەپ ئاتالغان بەلىخ شەھرىلىك دەرۋىش ئىبراھىم ئەدھەمدىن ئىبارەت. كۇلبە ئىبراھىم ئۇنىڭ كىچىك خانىسى ۋە ئىبادەتگاھى.

قۇددۇس شەھرى — يەھۇدى دىنىدىكىلەرنىڭ نۇقتىنەزىرىدىن ناھايىتى مۇقەددەس سانايدىغان جايى.

ئاپتور بۇ مىسرالاردا مېنىڭ ئەقىدە قىلىدىغان ئورۇنلىرىم كۇلبە ئىبراھىم ۋە قۇددۇس چېركاۋىسى ياكى ئۇلاردىكى ۋەلى، راھىپ ئەمەس. مەن ئەنگەك ئەھلىگە ئېتىقات قىلىمەن، شۇلارنىڭ كارامىتىنى ئەڭ كاتتا كارامەت دەپ بىلىمەن دەيدۇ.

⑲ خېلىل — بۇ نام ھەزرىتى ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ئىشارەت قىلىنغان. ئىسلام دىنى كىتاپلىرىدا ئۇ «ئىبراھىم خېلىلۇللا» دەپ يۇرۇتۇلگەن. قەدىمقى زاماندا خۇدالىق دەۋاسى قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان پادىشا نەمرۇت ناھايىتى چوڭ ئوت يېقىپ، ئىبراھىم خەلىلۇللانى كويدۇرۇۋېتىش ئۇچۇن تىرىك ئوتقا تاشلىغان ئىكەن. دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىبراھىم خەلىلۇللا تەڭرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئوتتا كويمەيلا قالماستىن، بەلكى ئوت ئۇنىڭغا گويا گۇلزار بولۇپ كورۇنگەن.

⑳ لۇتپىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبەيدۇللا، ئۇ مىلادى 1366 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1465 - يىلى ۋاپات بولغان ئۇيغۇر شائىر. ئۇ زامانداشلىرىدىن بولغان يۇسۇپ سەك-

پەرمانى جارى بولغان مەملىكەتسىز كاتتا پادىشا دەپ تەس-
ۋىرلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تەختىنى قەيەرگە بارسەن دەپ
بۇيرۇق قىلسا شۇ يەرگە شامال كۆتىرىپ ئاپىراتتى دېيىل-
گەن. بۇ رىۋايەتتىكى "سۇلايمان دۆلىتى" دېگەن سۆز ئۇ-
نىڭ ئاشۇنداق شانۇ-شەۋكىتىگە قارىتىلغان.

㉓ ترويە — كىچىك ئاسىيادا بۇرۇن بولغان بىر
تارىخىي شەھەرنىڭ نامى. ترويە شەھىرىدىكىلەر بىلەن
گرېكلەر (يۇنانلىقلار) ئوتتۇرىسىدا «ھەممىدىن چىرايلىقىغا»
دېگەن خەت يېزىلغان بىر ئالمىنىڭ بۇرۇنقى يۇنان ئەپ-
سانىلىرىدە زىكرى قىلىنمىش "خۇتۇن خۇدالار" ئارىسى-
غا تاشلىنىشى سەۋەبلىك باشلانغان ۋە ئۇ، 10 يىللاپ
سوقۇش داۋام قىلغان. شۇڭا بۇ ئالما «جېدەل ئالمىسى»
دەپ ئاتالغان. گومېر يازغان قەدىمقى يۇنان داستانى
«ئىلىئادا» ئىچىدە بۇ ۋەقە قىزىق بايان قىلىنغان:

پىنسالىيىنىڭ پادىشاسى فىلىپپىس دېڭىز خۇتۇن
خۇداسى فىتراغا ئۆيلەنگەندە، جېدەل خۇداسى ئېرىدانى
تويغا چاقىرمىغان. تويغا چاقىرىلمىغىنىغا ئاچچىقى كەلگەن
ئېرىدا، خۇتۇن خۇدالىرىنىڭ ئارىسىغا جېدەل تېرىماقچى
بولۇپ، ھىلىقى ئالتۇن ئالمىنى بىر زىياپەتتە ئوتتۇرىغا
تاشلىغان. خۇتۇن خۇدالار "بۇ ئالما ماڭا تېگىشلىك" دەپ
ئۆزئارا تالىشقان. بولۇپمۇ يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلغان
چوڭراق خۇدا — زېۋسىنىڭ خوتۇنى گېرا، دانىشمەنلىك
خۇداسى ئافىنا، گۈزەللىك خۇداسى ئاپرودىتا — ئۈچى

تۇغۇلغان پىردەۋسى — ئەينى زاماندىكى مەھمۇت شاھ سوبوكتىكىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن نادىر ئەسەر — شاھنامىنى يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى 37 يىشىدا باشلاپ 71 يىشىدا پۈتكۈزگەنلىكى، ئۇنىڭ 120 مىڭ مىسرادىن ئىبارەت زور ھەجىمدىكى كىتاپ ئىكەنلىكى ۋە مەزمۇنى قەدىمقى ئىران - تۇران سوقۇشىنى تەسۋىرلەيدىغانلىغى ئىشەنچلىك كىتاپلاردا يېزىلغان.

پىردەۋسىنىڭ بۇ ئەسىرى ئەسلىدە پارىس تىلى بىلەن نەزمى تەرتىپسىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى يەركەنلىك خامۇش ئاخۇن دىگەن كىشى ئۇيغۇر تىلىغا نەسرى ھالدا تەرجىمە قىلغان.

شاھنامە كىتاۋىدا پىردەۋسى تارىختىكى ئىران - تۇران ئۇرۇشىنى تەسۋىرلىگەندە، گەرچە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئۆز مەۋقەسى بويىچە رەڭ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى سەنئەتچە پەۋقۇلئاددە ماھارەت بىلەن يازغان.

ئۇنىڭدا سوقۇشنىڭ سەۋەۋى ھەققىدە مۇنداق بىر بېيىت بار:

جاھاننى جاھاندار قىلدى خاراپ،
باھانە سىياۋۇش ۋە ئاپراسىياپ.

㉒ سۇلايمان (ئەلەيھى سالام) ئىسلام ۋە يەھۇدى دىنلىرىنىڭ دىنى قىسسىلىرىدە ئىنسى - جىن، دىۋە - پەرى، ئۇچارلىق - تىنارلىق ۋە جانلىق - جانسىز ھەممىگە بىردەك

㉕ پۇل سىرات: پارىسچە كوۋرۈك، سىرات — ئەرەبچە يول دېگەن بولۇپ، لۇغەت مەنىسى "كوۋرۈك يول" دېمەكتۇر.

ئىسلام ئەقىدىسىچە، پۇل سىرات ئاتلىق بۇ كوۋرۈك يول — قىيامەتتە دوزاق ئۈستىگە سېلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەربىر ئادەم پەرزەنتى مەخسۇس بېكىتىلگەن پەرىشتەنىڭ زورى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، بۇ كوۋرۈك يوقۇ-يۇل (پۇل سىرات) 3 مىڭ يىللىق يول بولۇپ، يوقۇرىغا قاراپ مىڭ يىل، ئۇدۇلغا قاراپ مىڭ يىل، تۆۋەنگە قاراپ مىڭ يىل مېڭىلىدىكەن، ئۇ، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن تېز ئىكەن، بۇ دۇنيادا كوپ گۇنا قىلغان كىشى ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەي يىقىلىپ، دوزاققا چۈشۈپ كېتىدىكەن. بۇ ھەقتە مەشھۇر سوپىزىم تەشۋىقاتچىسى شائىر "ئاللايار" تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازغان:

جەھەننەم ئۈزرە بىر كوۋرۈك ئېرۇر ئاھ،
ئۇ شول كوۋرۈك "سىرات" ئاتلىق گوزەر گاھ.

قىلىچتىن تېز ئېرۇر قىلدىن ئىنچىكە،
پۇشايمانلار ئېرۇر كۆن چۈشكورۈشكە.

ئەجەپ ھەيران بولۇر پەرزەنتى ئادەم،
نەزەر قىلساڭ ئۇنىڭ ئاستى جەھەننەم.

㉖ ھاۋا ئانا — دىنىي رىۋايەتلەر بويىچە، ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئاتىسى ھەزرىتى "ئادەم"نىڭ ئايىلى

بۇ جىدەلنى ھەل قىلىپ قويۇش ھەققىدە زىۋىسقا ئەرز قىلىشقان. زىۋىس ئۇلارنى تروييىن شەھرىنىڭ پادىشاھاسى پىرىمانىنىڭ ئوغلى پارىسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەندە، مەزكۇر ئۈچ خوتۇن خۇدا پارىسنى ئۆزىگە تەرەپدار بولۇش ئۇ- چۇن تارتقان. گىرا: "مېنى ئالمىغا تاللىساڭ، سېنى يەر يۈزىگە پادىشا قىلىمەن" دىسە، ئافىنا "مېنى ئالمىغا تاللىساڭ قەھرىمان ۋە دانىشمەن قىلىمەن" دىگەن. ئاخىر پارىس: "مېنى تاللىساڭ، دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق خوتۇننى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن" دىگەن گۈزەللىك خۇداسى ئاپرودىتانىڭ سوزىگە ماقۇل بولغان. شۇنداق قىلىپ، گۈزەللىك خۇداسى تروييىن پادىشاسىنىڭ ئوغلى پارىسقا سپارتا پادىشاسىنىڭ چىرايلىق خوتۇنى ئېلىنانى ئوغۇرلىشىپ بەرگەن. شۇ مۇ- ناسىۋەت بىلەن گىرا، ئافىنا تروييە پادىشاسىنىڭ ئوغلى پارىسنى ۋە تروييە شەھرىدىكى ئادەملەرنى دۈشمەن كور- گەن. خۇتۇنىنى ئوغرىلاتقان پادىشا ئېلىنانى قايتۇرۇۋېلىش ۋە ئۇنى ئوغرىلىغان پارىستىن ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلىغان ۋە بۇنىڭغا يۇنان پادىشالىرى مەدەتكار بولغان. بۇنىڭ بىلەن تروييە-يۇنان ئۇرۇشى باشلانغان.

㉔ قۇلۇلە — دەريا-دېڭىزلاردا ياشايدىغان قاتتىق قاپلىق بىر خىل جانىۋار بولۇپ، ئۇنىڭ قېپى ئىش قوشۇش ئارقىلىق يۇز مېيى قاتارلىق نەرسىلەرنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر ئېيتىلىشلاردا، ئۇنىڭ ئىچىدە مەر- ۋايىتمۇ بارمىش. گوشىدىن قىممەتلىك دورا ياسىلارمىش.

㉘ تەخمىنەن 10 - ئەسىردە ئۆتكەن رۇداكى — مەشـ
ھۇر پارس شائىرى ۋە شېئىرىيەت ماھىرى. ئۇنىڭ زەرەپـ
شان ۋادىسىدىكى رۇداك ناملىق بىر يېزىدا تۇغۇلغانلىقى
رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇڭا تەخەللۇسى "رۇداكى بولغان" دېيىـ
لىدۇ. ئۇ، ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان. بەزى تەتقىـ
قاتچىلار «لەيلى مەجنۇن» داستانى ئەڭ ئاۋال رۇداكى
تەرىپىدىن يېزىلغان دېيىشمەكتە. بۇ «رۇبائىيات» نىڭ
ئاپتورى شۇ پىكىردە بولۇپ، «لەيلى مەجنۇن» ۋەقەسىنى
رۇداكىي 10 - ئەسىردە، نىزامىنىڭ 12 - ، ناۋايىنىڭ
14 - ، پۇزۇلىنىڭ 16 - ئەسىردە يازغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
شائىر بۇ رۇبائىسىدا ئەينى زاماندا پادىشا ھۆسەيىن
بايقارانىڭ ناۋايى شېئىرلىرىغا رۇداكى شېئىرلىرىغا قارىغانـ
دەك قارىيالمىغانلىقى، توغرا مۇئامىلە قىلالمىغانلىقى ۋە بۇ
توغرىدا مۇھەممەت بابۇرچىلىك بولالمىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.
㉙ قەدىمقى يۇنان ئەپسانىلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە،
ئەينى زاماندىكى يۇنانلىقلار "خۇدانى" ياخشى كىيىم
كىيگەن، ياخشى قورال ئاسقان ۋە ھاكىملىق بەلـ
گىلىرىنى تاقىغان كىشى قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدىكەن؛
تەبىئەتتىكى ھەرخىل ھادىسىلەر ۋە ھەركەتلەرنى مەخسۇس
شۇنىڭ خۇداسىنىڭ ئىشى دەپ تونۇيدىكەن؛ بۇ يەردە
ئۇل زاماندا — يەر خۇداسى، چاقماق - گۈلدۈرماما خۇداـ
سى، دېڭىز خۇداسى، ئۇرۇش خۇداسى، گۈزەللىك خۇداسى
دەپ ئاتىلىدىغان "خۇدالار" بولۇپ، زېۋس ئۇلارنىڭ
چوڭى ئىكەن.

بولۇپ، تۇنجى ئانىدۇر.

تەۋراتتا كورسىتىلىشىچە، ئۇ، ھەزرىتى ئادەم بىلەن جەننەتتىكى ۋاقتىدا، يەھۋىنىڭ چەكلىشىگە قارىماي، جەننەتتىن "ئەقىل دەرىخى مېۋىسى"نى ئۈزگەن. ئىسلام دىنى كىتابلىرىدىچە، ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋا ئانا تەڭرىدىن پەرىشتە ئارقىلىق تاپىلانغان "بۇغداي"نى يېمەسلىك توغرىسىدىكى پەرمانىغا ئەمەل قىلالماي، ئۇنى يەپ قويۇش بىلەن جەننەتتىن چىقىرىلغان.

㉗ مۇھەممەت سىدىق زەلىلى — يەكەندە تۇغۇلۇپ، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولغان. «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە بېرىلگەن مەلۇمات بويىچە، ئۇنىڭ بىر قىسقا شېئىرلار توپلىمى ۋە بىر چوڭ دىۋانى بولۇپ ئىككى ئەسىرى ساقلانماقتا ئىكەن. زەلىلىنىڭ 1727-يىلدىن 1735-يىلغىچە يازغان توت داستانى ۋە 253 پارچە شېئىرى بولۇپ، داستانلىرى ئەينى تارىختىكى يەكەننىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالىنى كورسىتىپ بېرىدىكەن. بۇلاردا شائىرنىڭ ئۆز تەرجىمىھالىمۇ بايان قىلىنغان. بۇلار ئىچىدە بىر قەدەر مۇكەممەلرەكى «كۇللىياتى دىۋان» («ئومۇمى توپلام») دېيىلگەن ئەسەردىن ئىبارەت.

زەلىلىنىڭ ئىجتىمائى پائالىيىتى، شېئىر نەمۇنىلىرى توغرىسىدىكى تەپسىلاتى ئۈچۈن «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — 12 مۇقام ھەققىدە» ناملىق كىتابقا مۇراجەت قىلىنىشى كېرەك.

شۇنداق ئەپسانىلەر بويىچە، پرومېتوس (پرومېتى)
ئادەملەرنى لۇپا بىلەن سۇدىن ياراتقان خۇدا ۋە ئادەم-
لەرنى ئەقىلسىز ھايۋاندىن ئەقىللىق، ماھارەتلىك ئىنسانغا
ئايلاندۇرغان، دەپ تونۇلغان.

پرومېتى زېۋستىن ئوت ئوغرىلاپ ۋە ئادەملەرنى
ئوتتىن پايدىلىنىشقا ئۆگىتىپ، بۇ يول بىلەن ئادەملەرنى
ئەقىللىق قىلغان ئىمىش. شۇڭا زېۋس پرومېتىگە غەزەپ-
لىنىپ، قاتتىق جازا بەرگەن ئىكەن: زېۋس ئۇنى كاۋكاز
تاغلىرىغا ئاپىرىپ، ئېگىز تاققا زەنجىر بىلەن باغلاتقۇزۇپ
قويغان ۋە ھەركۈنى بىر بۈركۈت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا پرومې-
تىنىڭ جىگىرىنى چوقۇتۇپ تۇرغان. بىراق پرومېتى شۇ
قەدەر ئازاپقا چىدىغانكى، زېۋسقا بوي سۇنمىغان. ھەت-
تا ئۇ، زەنجىردە باغلاقلىق تۇرۇپ، ئۇنى پىسەنت قىلماي
كۈلگەن.

ئاپتور بۇ رۇبائىدا چىداملىق، مەردانىلىك ئوبرازىنى
ئاشۇ پرومېتىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق سۈرەتلەپ كورسىتىدۇ.

㉚ «ھەپتى مەنزىرى بەھرام» ئەلىشىر ناۋايىنىڭ
خەمسەسى (بەش داستانى) دىكى تۆتىنچى كىتاپ. ئۇ يەنە:
«سەبئە سەييارە» (يەتتە ساياھەتچى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
بۇنىڭدا ناۋايى پادىشا بەھرام بېگىنىڭ يەتتە خىل
مەنزىرىدە (كورۇنۇشتە) بىزىتىلگەنلىك شانۇ-شەۋكىتىنى
تەسۋىرلەيدۇ.



**柔 巴 依 集**（维吾尔文）

阿不都秀库尔·穆罕默德依明　著

喀什渴尔维吾尔文出版社出版

新疆新华書店发行　新疆新华印刷厂印刷

787×1092毫米32开本7.25印张　插页1

1981年10月第1版　1982年3月第1次印刷

印数1——8,000

统一书号：M 10264.6　定价0.38元

2